


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

7
2013

# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى




农村科技

ISSN 1004-1095
07>

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى




ئابدۇرېھىم قادىر
تارىخ تەزكىرە تەتقىقاتچىسى

قەشقەر كۆكئارت سودا
چەكلىك شىركىتىنىڭ
لىدىرى مەمەتتۇرسۇن
روزى كۆپ يىللاردىن بۇيان
جاپالىق تىرىشىش
ئارقىلىق ئىگىلىك
تىكلەپ، ساخاۋەت قولىنى
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە
مۇش يېزا مىڭيول
كەنتىدىكى دېھقان-
چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادى
كىرىمىگە تۈرتكە بولۇش
ئۈچۈن «مىڭيول» تەبئىي
بۇلاق سۈيىنى ھەرمىللەت
خەلقىگە سوغا قىلدى.

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 7 ـ سان
(ئومۇمىي 339 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.....ئانارگۈل ناسىر (1)
چامغۇر ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ..............................ئارزۇگۈل رېقىپ (2)
ئېگىزغا تېرىلغان كۆممىقوناقنىڭ پەرۋىشى ........................دىلبەر نامەت (3)
كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىلدىكى پەرۋىشى ......................رابىيە ياسىن (5)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى ...........ھەمراگۈل نىسر(6)
پارنىكتىكى ئۈزۈمگە قارا يازلىق يېسۋېلەكنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى .......قادىر روزى (8)
ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ... ماينۇر تۇرسۇن (9)

## ئوغۇت تۇپراق

تۇپراقنىڭ ناچار ھالىتى ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئامىلىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ......... روشەنگۈل لېتىپ (11)

## باغۋەنچىلىك

ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى ......................ياسىن قۇربان (12)
چىلاننى ئۈلىغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى ..............................غەيرەت شاكىر (13)
چىلان كۆچىتىنى چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ........................ئابلىمىت ئابلىز (14)
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى ............خۇرشىدە ئەخمەت (15)
مۇناقى ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ..........خانقىز موللانىياز (16)
ئۈزۈمنى يازلىق چاتاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار................ خەيرىگۈل ئابدۇراخمان (17)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

كۆممىقوناق ئېتىزىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى .....ئابدۇقادىر ئېزىز (19)
مۇچتىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى ....
..............................................................مەينىساخان ئوسمان (21)
مۇچ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .........ھەسەنجان تۇرسۇن (22)
نەشپۈت چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ......تۇنساگۈل تۇردى (23)

نەشپۈت پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..................نۇرىمانگۈل ئېزىز (25)
قوغۇنلۇقتىكى يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..........مۇكەرەم سەمەت (27)
كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .....................رۇقىيە ئابدۇكېرىم (28)
ئۆرۈك يېلىم كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..........گۈلبوستان قادىر (30)
نەشپۈت غول ھەرىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .............توختى ئاقموللا (31)
مۆچنىڭ باكتېرىيەلىك داغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .......نۇرئەلا ئەمەت (33)
قوغۇن قىرووۋسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...... پاشاگۈل مامۇت (35)

## سۇچىلىق

پۇركۇپ سۇغىرىشتا ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى تاللاش ئۇسۇلى........ مىنەۋەر ئابدۇغېنى (37)
كىچىك تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ئۇسۇلى .....تۇرسۇنجان تۇرسۇنروزى (39)
سولياۋ يوپۇق يېپىپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش ئۇسۇلى ................ ئىلھام قاھار (40)
زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنىڭ رولى .........................................خەيرۇللا سەلەي (41)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

قوي، ئۆچكىلەردىكى ئاتسىبىستون كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ........ ئايشەمگۈل ئوبۇل (43)
كالىلارنىڭ يەم ـ خەشەك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاش ئۇسۇلى ..........................................................خەمىدەم ئىسمائىل (44)
چارۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى ........................كېرەم بارات (46)
زەنجىۋىلنىڭ مالدوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىشى ........................ئابلىمىت ئابدۇرېھىم (47)
كالا، قويلارنى تېز بورداشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار......................گۈلنىساخان سايىت (49)
قىسىر مەزگىلدىكى كالىلارنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار .......قۇربانبۈۋى دۆيشماخۇن (51)
ئىنەكلەردىكى بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى كېسىلى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ....ئۆمەرجان قاتارلىقلار (53)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

خامان تېپىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار...................................توختاخۇن مەرۇپ (54)
دان ئايرىش مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار............................تۇرغۇن تۇرۇپ (55)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك .........ئەلى ئۆمەر (56)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(58)

## بىلىۋېلىڭ

كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقلىرىنى ئازايتىش تەدبىرلىرى.....تۇرسۇنئاي تۇرغۇن (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第7期
总339期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

棉花使用缩节胺要点 …… 阿娜古丽·纳斯尔(1)
芜菁栽培方法 …… 阿尔孜古丽·热克莆(2)
复播玉米的管理 …… 地力白尔·那买提(3)
棉花中后期管理 …… 热比艳·亚森(5)

## 设施农业

设施农业防风措施 …… 艾米热古丽·呢斯尔(6)
温室葡萄套种油白菜方法 …… 卡德尔·肉孜(8)
设施农业存在的问题及解决方法 …… 玛依努尔·吐尔逊(9)

## 土壤肥料

土壤不良状态及抑制因子改良方法 …… 茹先古丽·力提莆(11)

## 园艺特产

杏树采果后管理 …… 亚生·库完(12)
枣树嫁接后管理 …… 艾热提·夏克尔(13)
枣树整形修剪方法 …… 阿不力米提·阿不力孜(14)
果树采果后管理 …… 胡尔西旦·艾合买提(15)
木纳格葡萄果实膨大期管理 …… 汗克孜·毛力尼亚孜(16)
葡萄夏季修剪要点 …… 海日古丽·阿不都热合曼(17)

## 植物保护

玉米田除草方法 …… 阿不都喀迪尔·艾孜孜(19)
辣椒病虫害防治方法 …… 麦尼萨汗·吾斯曼(21)
辣椒病毒病的防治方法 …… 艾山江·吐逊(22)
香梨腐烂病防治方法 …… 吐尼沙古丽·吐尔地(23)
梨木虱防治方法 …… 努尔曼·艾则孜(25)
甜瓜田地老虎的防治方法 …… 木克热木·赛买提(27)
棉蚜防治方法 …… 茹克亚·阿不都克里木(28)
杏树流胶病防治方法 …… 古丽博斯坦·卡迪尔(30)
梨茎蜂防治方法 …… 托合体·巴克木拉(31)
辣椒细菌性叶斑病防治方法 …… 努热拉·艾买提(33)

甜瓜霜霉病防治方法 ............................ 帕夏古丽·马木提(35)

## 农田水利

喷灌管材选用方法 ............................ 米娜瓦尔·阿不都艾尼(37)
小型水利工程管理及维护 ............................ 吐送江·吐送弱子(39)
覆盖塑料薄膜修建不渗水水道方法 ............................ 依拉木·卡哈尔(40)
农田排水沟工程的作用 ............................ 海热拉·塞来(41)

## 畜牧兽医

绵羊山羊酮病及防治 ............................ 阿依谢姆古丽·噢布力(43)
饲料引起的牛病防治 ............................ 艾米丹·依斯马义(44)
防治畜病简法 ............................ 克热木·巴拉提(46)
生姜在畜病治疗上的应用 ............................ 阿布里米提·阿布都热依木(47)
牛羊快速育肥注意的事项 ............................ 古尼萨汗·萨依提(49)
奶牛停奶期饲养管理要点 ............................ 库尔曼布比·对先玛洪(51)
牛子宫内膜炎的治疗方法 ............................ 吾买尔江等(53)

## 农业机械

打场要注意事项 ............................ 托合塔洪·买如甫(54)
脱粒应注意要点 ............................ 吐鲁洪·吐鲁甫(55)

## 农经管理

要大力支持农村经济合作组织 ............................ 艾力·吾买尔(56)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ............................(58)

## 百科知识

清洗蔬菜、水果中的农药方法 ............................ 吐逊娜依·吐尔洪(59)

---

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮政代码：58 - 123 广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئانارگۈل ناسىر
(خوشۇت ناھىيە چوققۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) بالدۇر ئۇنگەن، تىمەن، باراقسان ئۆسكەن مايسىلارغا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ. ئاجىز مايسىلارغا ئىشلەتسە بولمايدۇ.

2. بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى ئىشلىتىشتە، مايسا ئەھۋالى، سۇ، ئوغۇت، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، چېچىش ۋاقتى ۋە ئىشلىتىلىش مىقدارىنى بەلگىلەش لازىم. ئادەتتە بالدۇر غۇنچىلىغان، بالدۇر يېتىلگەن، شاخلىرى رەتلىك، ئېگىزلىكى 40 ـ 45 سانتىمېتىر، غوزا شاخلىرى 7 ـ 8 گە يەتكەن، چېچەكلىگەن تۈپلەر 20% نى ئىگىلىگەندە، كېۋەزنىڭ دەسلەپكى چېچەكلەش مەزگىلىدە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە 60ppm قويۇقلۇقتا ياكى دەسلەپكى چېچەكلەش مەزگىلىدە خىلور مېكوئات دورىسىدىن 140ppm–100ppm قويۇقلۇقتا، كۆپ چېچەكلەش مەزگىلدە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 100ppm قويۇقلۇقتا چاچسا بولىدۇ. ئاساسىي غوللارنىڭ كۈندىلىك ئۆسۈش مىقدارى ئىككى سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەن، ھارام شاخلىق كېۋەزلىكلەرگە بالدۇرراق چېچىش، ئىشلىتىش مىقدارىنىمۇ كۆپرەك قىلىش كېرەك. ئادەتتە ئۆسۈشى مۇقىم بولغان كېۋەزلەرگە چېچەكلەش مەزگىلىدە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن بىر قېتىمدىلا 100ppm قويۇقلۇقتا چاچسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. دورا چېچىشتىن ئىلگىرى سولياۋ بوتولكىغا قاچىلانغان پاراشوكقا 200 گىرام پاكىز سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئانا ئېرىتمىسىنى تەييارلاش لازىم. ئادەم كۈچى ئارقىلىق چاچسا دورا مىقدارى 30 كىلوگىرامدىن ئاز بولماسلىقى لازىم. دورا چاچقاندا پۈتكۈل كېۋەز غولىنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ تەكشى چېچىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

3. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ۋاقتى، سۇ، ئوغۇت ۋە ئۆسۈش ئەھۋالى، قىرو مەزگىلىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى يەرلەردىكى ياخشى ئۆسكەن كېۋەزنىڭ ئۇچىنى كېيىنرەك، ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن يەرلەردىكى كېۋەزنىڭ ئۇچىنى بۇرۇنراق ئۈزۈش لازىم. شىمالىي شىنجاڭ كېۋەزنىڭ ئۇچىنى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ 25 ـ كۈنلىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈزسە بولىدۇ. (03)

# چامغۇر ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئارزۇگۇل رېقىپ
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

چامغۇرنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ياغ، قەنت، كىراخمال، مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، PP قاتارلىقلار مول بولىدۇ. چامغۇرنىڭ تەبىئىيتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، كۆكرەكنى بوشىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، مېڭە، يۈرەك ـ جىگەر، بۆرەك، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، تەننى سەمرىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**1. سورت تاللاش:** چامغۇر تۈگۈنەك غوللۇق كۆكتات بولۇپ، قىزىل چامغۇر، ئاق چامغۇر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قىزىل چامغۇر يېيىشلىك، سۈپەتلىك، ئەمما ساقلاشقا چىدامسىز كېلىدۇ. ئاق چامغۇرنىڭ تەمىمۇ قىزىل چامغۇرنىڭكىگە يەتمەيدۇ، لېكىن ئاق چامغۇر كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ.

**2. يەرگە ئىشلەش:** چامغۇرنى ھەر خىل تۇپراقلارغا تېرىشقا بولىدۇ، ئادەتتە مۇنبەت قۇمساڭ ئەت تۇپراقلارغا كۆپرەك تېرىلىدۇ. تېرىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرنى 2000 ـ 3000 كىلوگىرام چىرىگەن ئېغىل قىغى بىلەن ئوغۇتلاپ، 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەپ تاختىلىغاندىن كېيىن ئوسا قىلىنىدۇ. ئوسىسى كېلىشكەندە 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تەكشىلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇق تېرىلىدۇ.

**3. تېرىش:** ئادەتتە چامغۇر يازلىق چامغۇر ۋە كۈزلۈك چامغۇر دەپ ئايرىلىدۇ، يازلىق چامغۇر 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدۇ. كۈزلۈك چامغۇر 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە تېرىلىدۇ. چامغۇر قىش پەسلىدە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتات بولغاچقا، كۈزدە تېرىلىش كۆلىمى كۆپ بولىدۇ، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 150 ـ 200 گىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ. چامغۇرنى چېچىپ تېرىسىمۇ، قۇرلاپ تېرىسىمۇ بولىدۇ. قۇرلاپ تېرىغاندا قۇر ئارىلىقى 20 ـ 30 سانتىمېتىر قىلىش لازىم.

**4. پەرۋىش:** ئادەتتە مايسا بەش تال يوپۇرماق چىقارغاندا تۈپ ئارىلىقى-

# ئېكىنزغا تېرىلغان كۆممىقوناقنىڭ پەرۋىشى

دىلبەر نامەت

(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. مايسا تولۇقلاش:** ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، مايسا كەم ئو-رۇنغا ۋاقتىدا تولۇقلاپ تېرىش ياكى مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك. كۆم-مىقوناق مايىسى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، يەر يولۇۋسى بايقالغان هامان هەر مو يەرگە 20 ـ 30 گىرام دىساس (敌杀死) نى 35 ـ 40 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك.

**2. مايسا تاقلاش، مايسا بەلگىلەش:** كۆممىقوناق مايىسى 3 ـ 4 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا تاقلاش كېرەك. ئاجىز ئۆسكەن، كېسەللەنگەن مايسىلارنى يۇلۇۋېتىپ، تىمەن مايسىلارنى قالدۇرۇش كېرەك.

**3. كولتىۋاتسىيە قىلىش:** مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن كولتىۋات-سىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەر يوقىتىپ، پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، كېسەل-

نى 10 ـ 12 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا تاقلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئوت ـ چۆپلەر ئوتىلىدۇ. چامغۇرنىڭ دەسلەپكى سۈيىنى بەك بالدۇر بەرسە تۇپراق ئاسانلا قېتىۋېلىپ، تۈگۈنەك غولىنىڭ چوڭىيىشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى سۈيىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ قويۇش لازىم. ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپ سۇغارماسلىق، خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىماسلىق لازىم، بول-مىسا چامغۇر تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەز-گىلىدە 2 ـ 3 قېتىم سۇغىرىلىدۇ.

**5. ساقلاش:** چامغۇرنى تېرىپ 90 كۈندىن كېيىن يىغىۋالسا بولىدۇ. چامغۇرنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، شورسىز يەرلەرنى تاللاپ، بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، كۆمۈپ ساقلىسا بولىدۇ. گەمىدە ساقلىغاندا چامغۇرنى سولياۋ خالتىلارغا قاچىلاپ ياكى قۇمغا كۆمۈپ ساقلىسا بولىدۇ، ساقلاش ۋاقتىدا پات ـ پات تەكشۈرۈپ، بۇزۇلغان، كۆكلىگەن چامغۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. (03)

لىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك. تۇنجى سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىپ، مايسا بەلگىلەپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش كېرەك.

**4. قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** كۆممىقوناقنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈش مەزگىللىرىدە ئازوت، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلار ھەم مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك. كۆممىقوناقنى قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا كالىي دىھىدرو فوسفات، بور، سىنك، كالتسىي، تۆمۈر قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا يوپۇرماقتىن پۈركۈسە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تۇنجى سۇيىنى قويغاندا 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مايسا 6 ـ 8 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا ھەر مو يەرنى 15 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. 2 ـ سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن، يەنى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ھەر مو يەرگە 8 ـ 10 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىش، 3 ـ، 4 ـ سۇيىدە يەنى 9 ـ ئاينىڭ باش ـ ئوتتۇرلىرىدا ھەر مو يەرنى بەش كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 3 ـ 4 قېتىم سۇ سۇغىرىش كېرەك.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش** (1) قارا كۈيە كېسىلى: قارا كۈيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تېرىش، ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ؛ (2) يەر يولۋىسى: يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مايسا بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھەرچانلىقى تۆۋەن دېھقانچىلىق دورىسىنى پۈركۈپ، مايسا مەزگىلىدىكى لىچىنكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش لازىم؛ (3) قىزىل ئۆمۈچۈك كىچىك دائىرىدە بايقالغان ھامان دەرھال كانا ئۆلتۈرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (4) كۆممىقوناق كېپىنىكى ۋە غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا كۆممىقوناق كانايچا يوپۇرماق چىقارغان ۋاقىتتا، ھەر مو يەرگە دىساس دورىسىنى سۇيۇلدۇرۇپ، قۇر ئارىلىقىغا تەكشى چېچىش كېرەك. (03)

# كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىلدىكى بېرۋىشى

رابىيە ياسىن

(بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. كولتىۋاتسىيە قىلىپ تۇپراقنى يۇمشاتقاندا تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كېۋەز تۈپىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

2. خىمىيەلىك كونترول قىلىش ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غوزىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، غوزا ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3. يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش ئارقىلىق، كېۋەز تۈپى ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنى تولۇقلاپ، بالدۇر زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

4. كېۋەزنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە چېچەكلەش ـ غوزىلاش مەزگىلىدە، ئوغۇتقا بولغان تەلىپى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كېۋەزنىڭ 1 ـ 2 سۇيىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرنى 10 ـ 14 كىلوگرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلىسا، كېۋەز تۈپىنىڭ شاخلىنىشى ۋە غوزىنىڭ چوڭىيىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

5. كېۋەزنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە، سۇغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا سۇغىرىلىدىغان كېۋەز ئېتىزىغا قارىتا، 1 ـ سۇيىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ قويۇش (6 ـ ئاينىڭ 20 ـ 25 ـ كۈنى) ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. كېۋەز چېچەكلەش ـ غوزىلاش مەزگىلىدە سۇغا بولغان تەلىپى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 2 ـ سۇيىنى ۋاقتىدا، يېتەرلىك مىقداردا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق كېۋەز تۈپىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك يېتىشمەسلىكتىن، كېۋەزنىڭ پەرجۇك، غوزىلىرى تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى

ھەمراگۈل نىسىر
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. ئاساسلىق ئەسلىھە ئورنىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئېگىز ئۆسىدىغان دەرەخ تىكىش، يول بۆلىكىنىڭ ئەتراپىغا مۇۋاپىق ئوتتۇراھال ئۆسىدىغان دەرەخلەرنى تىكىش لازىم.

2. پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغىنى سولياۋ يوپۇق بولۇپ، ئۇنى ئىمكانقەدەر بورانغا تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. باستۇرۇش سىمى بىلەن سولياۋ يوپۇقنى مەھكەم مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىنچىكە بامبۇك تاياقچە بىلەن پولات ئەگمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باغلاش، باغلىغاندا سولياۋ يوپۇق يىرتىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3. سولياۋ يوپۇق ئۈستىدىن، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تورىنى ياخشى يېپىپ ئاندىن چىڭ باغلاش بۇ خىل تورنى باستۇرۇش سىمىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىش لازىم.

4. پولات سىمنى باستۇرۇش سىمى قىلىپ، ھەر ئىككى پولات جازا ئوتتۇرىسىدىن بىر تال باستۇرۇش سىمىنى پۇختا، چىڭ تارتىش لازىم. بۇ باستۇرۇش سىمىنى بوشاتقىلى، ھەم چىڭىتقىلى بولىدۇ، بوراندا چىڭىتىپ مۇداپىئە قىلىشقا قولايلىق.

---

6. سورتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كېۋەز تۈپىنىڭ ئېگىزلىكى 65 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، ئۆسۈش نۇقتىسىنى بىر يوپۇرماق قوشۇپ ئۈزۈش كېرەك.

7. ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ۋە ھارام شاخ، قېرى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوزۇقلۇق ماددا ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غوزىنىڭ چوڭىيىشى ۋە بالدۇر ئېچىلىشىنى تېزلىتىش لازىم.

8. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش ئارقىلىق، يۇقىرى مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (05)

5. پارنىكنىڭ ئارقا تام ئۆگزىسىنى قېلىن قىلىپ، پارنىكقا شامال كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، پارنىك ئارقا تېمىنى قېلىن سۇۋاپ بورانغا چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. پارنىك يوتقىنىنىڭ ئۆگزە تەرىپىدىكى ئۇچىنى توپا بىلەن مەھكەم باستۇرۇش كېرەك.

6. پارنىك ئىشىكىنى يان تېمىدىن ئېچىپ مەھكەم ئېتىلىدىغان قىلىش كېرەك. بوران چىققاندا پارنىك هاۋاسىنى ئۈستىدىن ئالماشتۇرماي ئاستىدىن ئالماشتۇرۇش كېرەك.

7. پارنىك يوتقىنى ئۈستىدىن هاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىغا ئۇدۇللاپ، توغرىسىغا بىر تال پولات سىمنى تارتىپ، سوقما تام ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاندىن هەربىر ئۆلچەملىك پارنىكقا هەر 5 ـ 6 مېتىرغا بىر تالدىن باستۇرۇش سىمى تارتىش كېرەك. پارنىك ئىچىدىكى يولغا كەلتۈرۈپ قوزۇق قېقىپ، باستۇرۇش سىمىنى باغلاپ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. باستۇرۇش سىمىدىن باشقا مۇاپىق توملۇقتىكى ئارغامچىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

8. پارنىك يوتقىنىنى يىغىش ئۈسكۈنىسىنى پۇختا، تەكشى ئېچىلىدىغان، يېپىلىدىغان قىلىپ ئورنىتىش لازىم. ئارقا ئۆگزىگە پۇختا، تەكشى، مەھكەم تۇرىدىغان قىلىش، يان تەرەپتىكى تامنى مەھكەم ئېتىدىغان قىلىپ، بوران كىرىپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سوقما تامنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە بوران چىققاندا، باستۇرىدىغان قوم خالتىسى قاتارلىقلارنى ئالدىن تەييارلاش كېرەك.

9. هەربىر ئۆلچەملىك پارنىكقا 10 تال ئەتراپىدا قارماق ياساش كېرەك. قارماقنى 4 ـ 5 مېتىردىن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا پولات سىمدىن ياساپ، بىر ئۇچىنى ئىككى جازا ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمەككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىغا 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا نورمال توملۇقتىكى كالتەكنى باغلاش لازىم. قارماقنىڭ ئۇچىنى پارنىك يوتقىنىنى يىغىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يوتقانغا قىستۇرۇش ئارقىلىق پارنىك يوتقىنىنى يىغىشقا، يوتقاننى مەھكەم تارتىش لازىم. سىمنى ئۇزۇن ياكى قىسقا باستۇرۇش ئارقىلىق پارنىك يوتقىنىنىڭ تۇرۇش ئورنىنىمۇ تەڭشىگىلى بولىدۇ. (03)

# پارنىكتىكى ئۆزۈمگە قارا يازلىق يېسىۋىلەكنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى

قادىر روزى
(پىچان ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. يېسىۋىلەكنى تېرىش:** (1) 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن تېرىسا بولىدۇ. (2) چېچىپ تېرىسىمۇ ۋە قۇرلاپ تېرىسىمۇ بولىدۇ. ئۈزۈم تاختىسىغا قارا يازلىق يېسىۋىلەك ئۇرۇقىنى تېرىغاندىن كېيىن، قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. (3) ھەر موغا ئىككى كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ.

**2. پەرۋىشى:** پارنىكنىڭ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسى 25℃ تىن يۇقىرى بولغاندا ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، مۇۋاپىق سۇغىرىش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا 2 ـ 3 قېتىم سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر موغا 15 كىلوگىرام ئۇرىيا (尿素) نى بېرىش لازىم.

**3. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىرووۋىسمان پاختىلىشىش كېسىلى: 64% لىك سادۇفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 58% لىك مانكوزىپ (甲霜灵猛锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش لازىم. (2) كۆك پىت: ئاۋېيجۇنسۇ (阿维菌素) سۈتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تەكشى پۈركۈش كېرەك؛ (3) يۇقىرى ئۈنۈملۈك فىرمېترىن (高效氯氢菊酯) سۈتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 50% لىك فوكسىم (锌硫磷) سۈتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 2.5% لىك كارات

## ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

مايىنۇر تۇرسۇن
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:** (1) ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى، خەتىرى چوڭ، ئەمگەك سىجىللىقى كۈچلۈك بولغاچقا، رايونىمىزدىكى كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراۋاتىدۇ. (2) دېھقانلارنىڭ ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، ئۆستۈرۈش مۇھىتىنى تەڭشەش تەجرىبىسى مۇكەممەل ئەمەس، پارنىك ــ سولياۋ كېمىرلەرنىڭ تېمپېراتۇرا، نەملىك، يورۇقلۇق شارائىتىنى تەڭشەش، باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر كۆپ بولۇپ، پارنىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايۋاتىدۇ.(3) ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، سېلىنما يېتەرلىك ئەمەس. نۆۋەتتە بەزى يېزا ــ بازارلارنىڭ ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئاز، ئىشلەپچىقىرىشى تارقاق، بىرلىك كۆلەمنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. ئەسلەھەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئاساسلىقى يېزا ــ بازارلاردىكى دېھقانلارنىڭ مەبلىغى ۋە قەرز مەبلىغىگە تايىنىدۇ. ھۆكۈمەت سېلىنمىسى ئاز، قەرز سوممىسى تۆۋەن، ئۆسۈمى يۇقىرى بولۇشتەك مەسىلە-

---

(功夫) سۇتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 3000 ــ 4000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى پۈركۈش لازىم.

**5. يىغىۋېلىش:** قارا يازلىق يېسسىۋېلەكنى كۆز ۋە قىش پەسلىدە ئۆستۈرگەندە ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 80 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. كۈزلۈك قارا يازلىق يېسسىۋېلەكنى 11 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈپ ئېگىزلىكى 25 ــ 20 سانتىمېتىرغا يەتكەندە يىغىۋالسا، مو بېشى مەھسۇلاتى 1000 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولىدۇ. (03)

لەر مەۋجۇت، ئىشلەپچىقىرىشتا سۇ، توك، يول قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىدا ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە قوللىشىغا موھتاج بولماقتا. (4) ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. دېھقانلار مەبلەغ يېتىشمەسلىك، كۆلەم ئاز بولۇش سەۋەبىدىن، پارنىك ۋە سولياۋ كېمىرلەردە تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش سەۋىيەسى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى تۆۋەن، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، ئەسلىھە قۇرۇلمىسى ۋە تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، يېتەكلەش سالمىقى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ.

**ھەل قىلىش تەدبىرلىرى:** (1) تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. خەۋەر، ئۇچۇر، نەق مەيداندا ئۈلگە كۆرسىتىش، تەربىيەلەش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنۇمنى يۇقىرىلىتىش لازىم؛ (2) ئوخشىمىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇشتا مۇتەخەسسىس گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەش ئارقىلىق، ئەمەلىي يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆسۈملۈكلەرگە ئەڭ ياخشى ئۆسۈش مۇھىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئوخشىمىغان ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئەمەلىي تەڭشەش ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم؛ (3) ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بېكىتىپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى كېڭەيتىش لازىم. مەبلەغ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق كاپالىتى، شۇڭا يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مالىيە ياردىمى، سودىگەر چاقىرىش ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆزى مەبلەغ توپلاش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل ساھەلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مەبلەغ توپلاش لازىم. (03)

# تۇپراقنىڭ ناچار ھالىتى ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئامىلىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل لىتىپ
(بۈگۈر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. سۇچىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئېتىزلاردا سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى قىلىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تەڭشەپ، تۇپراقنىڭ نەملىك ھالىتىنى تەڭشەپ، شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

2. يەرنى تەكشىلەش ئارقىلىق، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.

3. ھەر خىل يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكىنى تېرىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى مۇداپىئە ئورمان بەرپا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىش ۋە قۇملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تېزلىتىش لازىم.

4. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.

5. پىلانلىق ھالدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

6. قەرەللىك ھالدا تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. ① دورا چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. ② ئاپتاپقا سېلىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. ③ توك ياتقۇزۇپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم.

7. تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاش لازىم: ① زىرائەتنى يىغىۋالغاندىن كېيىن يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش لازىم. ② چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىپ، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.

8. سۇ ئارقىلىق شور باستۇرۇش كېرەك. ① يەرنى تېرىمىغان ۋاقىتتا باستۇرۇپ سۇغىرىش ئارقىلىق، تۇپراق يۈزىگە يىغىلىپ قالغان شورنى باستۇرۇش كېرەك؛ ② ياز پەسلىدە ئارىسالدى ۋاقىتتا سولياۋ قالدۇقلىرىنى پاكىز تېرىۋېتىش كېرەك.

9. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش كېرەك. ① تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددا ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوغۇت تۈرى بىلەن زىرائەتنىڭ ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق بولغان ئوغۇت مىقدارى، ئوغۇت بېرىش ئۇسۇلىنى بېكىتىش، رېتسېپقا ئاساسەن، ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىش، ئازوت، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىش، خىمىيەلىك ئو-

(ئاخىرى 34 ـ بەتتە)

# ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى پەرۋىش

ياسىن قۇربان
(مەكىت ناھىيە قىزىلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ۋاقتىدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە كېلەر يىللىق گۈل بىخى شەكىللىنىش مەزگىلى بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى گۈل بىخىنىڭ شەكىللىنىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بۇ مەزگىلدە دەرەخ تېنى بىر قەدەر ئاجىزلايدىغان بولغاچقا، مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاپ سۇغارغاندا گۈل بىخىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۆرۈك تۈپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە مېۋىلەش ئىقتىدارىغا قاراپ، ھەر بىر تۈپكە 20 ـ 50 كىلوگىرامدىن مەھەللىۋى ئوغۇت، 0.3 ـ 1.5 كىلوگىرام ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت بېرىلىدۇ ياكى ئۆرۈك دەرىخىگە كالىي دىھىدروفوسفات (磷酸二氢钾) ۋە ئورىيا (尿素) نىڭ 0.3% ـ 0.4% لىك ئېرىتمىسى پۈركۈلىدۇ.

**2. مۇۋاپىق چاتاش:** دەرەخ تاجىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن شاخلارنى كېسىپ، يورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان، قورۇغان شاخلارنى كېسىۋېتىش لازىم.

**3. كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) پوستلاقخور: 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۆرۈك دەرىخىگە 48% لىك لورسبان (乐斯本) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىدە لاي ئېتىپ، دەرەخ غولىغا 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۇۋاپ سولياۋ ئوراپ، 3 ـ 5 كۈندىن كېيىن ئېلىۋېتىلىدۇ ياكى يۇقىرىقى دورىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى دەرەخ تاجىسىغا پۈركۈلىدۇ؛ (2) قاسراقلىق قۇرتقا قارىتا 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرلىرىدا 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نىڭ 1500ـ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 48% لىك لورسباننىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى پۈركۈلىدۇ؛ (3) يېلىم كېسىلى: 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 75% لىك مېتىل تىئوفانات (甲基硫菌灵) پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 15 كۈندە بىر قېتىمدىن 3 ـ 4 قېتىم پۈركۈش كېرەك. (03)

# چىلاننى ئۆلىغاندىن كېيىنكى پەرۋىش

غەيرەت شاكىر
(توقسۇ ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن)

1. كۆچەتنى ئۆلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش ھەم ئۆلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سۇغىرىش ئارقىلىق، ئۆلاق ئاستىنىڭ سۇ مىقدارىنى تولۇقلاپ، ئۆلاق ئۈستىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ.

2. چىلاننى ئۆلاپ 10 كۈندىن كېيىن، ئۆلاق ئاستىدىن بىخ ۋە نوتىلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ، ئۆلاق ئۈستى بىلەن ئۆلاق ئاستىنىڭ ئۆزلىشىشىگە ۋە ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا ئۆلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخ ۋە نوتىلارنى پات ـ پات يۇتاپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئۆلاق ئۈستىنىڭ ئۆسۈشىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆلاق ئۈستىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئادەتتە چىلاننى ئۆلىغاندىن كېيىن 3 ـ 4 قېتىم بىخ يىمىرىپ، ھارام شاخلارنى يۇتاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئۆلاق ئۈستى 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، تولۇق تۇتۇپ بولىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆلىغان ئورۇندىكى تېڭىقنى يېشىۋېتىش كېرەك. بىخ ئۆلاق، شاخ ئۆلاق قىلىنغان كۆچەتلەردىكى ئۆلاق ئۈستى ئەي بولغاندىن كېيىن، يەنى 6 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى بىر قېتىم تېڭىقنى بوشىتىپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تېڭىقنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا سولياۋ يىپ ئۆلانغان يەرنى قىزىتىپ ياكى بوغۇرۇپ، ئۆلاق ئۈستىنىڭ نابۇت بولۇشىنى ياكى بوران شامالدا ئاسان سۇنۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. ئۆلاق ئۈستى 10 ـ 15 سانتىمېتىر ئۆسكەندە يېنىغا تىرەك قويۇپ باغلاپ، بوران ـ شامالدا سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم تېز ئۆسۈشىنى تېزلىتىش كېرەك.

5. ئۆلاق ئۈستى 60 ـ 80 سانتىمېتىر ئۆسكەندە دەرھال ئۇچىنى ئۈزۈپ، ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، غولىنىڭ ياغاچلىشىشىنى ۋە تومىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناقولاي شارائىتقا چىداملىقى ئاشۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى غولىنى بالدۇر بەلگىلەپ، بالدۇر شەكىلگە كىرگۈزۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك. (03)

# چىلان كۆچىتىنى چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

ئابلىمىت ئابلىز
(خېجىڭ ناھىيە قارمۇدۇن بازارلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)

ئەلا سۈپەتلىك چىلان كۆچىتىدىن تىكىلگەن يىلىلا 3 ـ 5 تال يان شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە مۇشۇ يان شاخلار 50 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۇ- چىنى ئۈزۈپ، ئىككىلەمچى شاخنىڭ ئۆسۈشى ۋە تومىلىشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، 2 ـ يىلىدىكى ئاساسىي شاخلارنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سېلى- نىش كېرەك. 2 ـ يىلى دەرەخ بىخلىنىشتىن بۇرۇن چاتىغاندا ئاساسىي شاخنىڭ ئۈزىراپ ئۆسكۈچى شېخى قىسقارتىپ كېسىلىدۇ، كېسىلگەن ئو- رۇننىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى بىرىنچى ئىككىلەمچى شاخنى كېسىۋېتىپ، ئاساسلىق ئۈزىراپ ئۆسكۈچى شاخ قىلىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر 1 ـ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخنىڭ سانى ئۈچ تالغا يەتمىسە، ئۈزىراپ ئۆسكۈچى ئاساسىي شاخنىڭ كېسىلگەن ئورنىنىڭ ئاستىدىكى 2 ـ ۋە 3 ـ ئىككىلەمچى شاخنىڭ 1 ـ بوغۇمنى قالدۇرۇپ قىسقارتىپ كې- سىپ، 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخنى تەربىيەلەپ، 1 ـ قەۋەتتە 3~4 تال ئاساسىي شاخ يېتىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخنى قىسقارتىپ كەسكەندە، كېسىلگەن ئورۇننىڭ ئاستىدىكى 1 ـ ئىككىلەمچى شاخنى كېسىۋېتىپ، ئىككىنچى ئىككىلەمچى شاخنى بىر بوغۇم قالدۇرۇپ قىسقارتىپ كېسىپ، ئاساسىي شاخنىڭ ئۈزىراپ ئۆسكۈ- چى شېخىنى ۋە يان شاخلارنى تەربىيەلەش كېرەك. 2 ـ يىلى بىخلانغاندىن كېيىن ئاساسلىق يان شاخنىڭ يېتەكچى شېخىدىن باشقا شاخلارنىڭ ئۈچ قىسمىنى كېسىش ياكى ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئاساسلىق يان شاخلارنى ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 50~80 سانتىمېتىر ئۈزۈنلۇقتا قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. 3 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چاتىغاندا قەۋەت- سىمان دەرەخ شەكلىنى قوللىنىپ، شەكىلگە كىرگۈزۈپ، 1 ـ ۋە 2 ـ يى- لىدىكى چاتاش ئۇسۇلى بويىچە چاتاش كېرەك. چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دەرەخ قوۋزىقىنى چوقۇش، شېخىنى تارتىپ باغلاش، كېرىش ئارقىلىق بۇلۇڭنى چوڭايتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قول- لىنىش كېرەك. (03)

# مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى بېرۋىشى

خۇرشىدە ئەخمەت

(ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. يوپۇرماق ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاش: ئادەتتە ئورىيا (尿素) نىڭ 0.3% ~ 0.5% لىك، سىنىك سۇلفات (硫酸锌) نىڭ 0.3% لىك، تۆمۈر سۇلفات (Ⅱ) (硫酸亚铁) نىڭ 0.3% لىك، كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) نىڭ 0.2% لىك، كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نىڭ 0.3%~0.5% لىك ئېرىتمىسى چېچىلىدۇ.

2. ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش: مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يېتەرلىك مىقداردىكى تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتقا، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش لازىم. ئوغۇتلاش مىقدارى، تۇپراق شارائىتى دەرەخنىڭ تۈرى، سورتى، يېشى، دەرەخنىڭ ئۆسۈش ھالىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئاساسىي ئوغۇت مىقدارى يىللىق ئوغۇتلاش مىقدارىنىڭ 60% ـ 70% گىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئوغۇتلاش ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى 40 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىپ، ھالقىسىمان ئورەك، نۇرسىمان ئېرىقچە قىزىپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ، ئوغۇتلىغاندا يىلتىزنى كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىپ، يىلتىزنىڭ ئوزۇقلۇقنى تولۇق سۈمۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش: مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن باغ يېرىنى بىر قېتىم 40 سانتىمېتىر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، بىر قىسىم قېرى يىلتىزلارنى كېسىپ تاشلاپ، ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان يۇمران يىلتىزلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

4. توڭ ياتقۇزۇش: كەچ كۈز يەنى قىرووۋ چۈشۈشتىن 15 كۈن ئىلگىرى بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغارغاندا، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ.

5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: دەرەخنىڭ غولىغا ئاقارتقۇچ سۈيۇقلۇق سۈرۈش، 200 ھەسسىلىك بوردو سۈيۇقلۇقى (波尔多液) ياكى 800 ھەسسىلىك باۋىستىن (多菌灵) ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك. (03)

# مۇناقى ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدىكى بېرۋىشى

خانقىز مولانىياز
(ئاتۇش شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىدىن)

1. مۇناقى ئۈزۈم مېۋىسىنىڭ يوغىناش مەزگىلى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، 60 ـ 70 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، مېۋىنىڭ يوغىناشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 30℃ بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە مېۋىنىڭ يوغىنىشى بىلەن بىرگە ئۇرۇق شەكىللىنىدۇ، يېڭى نوتىلار يوغىنايدۇ، گۈل بىخى شەكىللىنىدۇ، قوشۇمچە نوتىلار ئۆسىدۇ. بۇ مەزگىلدە يېڭى نوتىلارنى باغلاش، قوشۇمچە نوتىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، كۆن نورنىنىڭ تولۇق چۈشۈشىگە دىققەت قىلىش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باراڭدىن ئۈزۈم ساپاقلىرىنى مۇۋاپىق ساڭگىلىتىش كېرەك.

2. دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

3. تۇپراقنى يۇمشىتىش ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش كېرەك.

4. ئۈزۈملۈكنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. بىيولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەللىك ۋە ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. خىمىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. مۇناقى ئۈزۈمگە دورا ئىشلەتكەندە يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھەرلىكى تۆۋەن، قالدۇق ئاز دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ئىشلەتمەكچى بولغان دورىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ھەم يوقىتىش ئوبيېكتىغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. مۇۋاپىق مەزگىلدە ۋاقتىدا دورا ئىشلىتىپ، يۇقىرى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئەگەر ئىككىدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ھەرقايسى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان مىقدارى بويىچە ئىشلىتىش كېرەك. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دورا ئېرىتمىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا دورىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تىپىدىكى دورىلارنى قوشۇش كېرەك. دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقىنى مۇۋاپىق جايغا تۆكۈپ كۆمۈش، مۇناقى ئۈزۈمنى يىغىۋېلىشتىن 15 ـ 20 كۈن دورا چېچىشنى توختىتىش كېرەك. (05)

# ئۈزۈمنى يازلىق چاناشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

خەيرىگۈل ئابدۇراخمان
(قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە لەڭگەر يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. بىخ سىرىش ۋە شاخلارنى شالاڭلىتىش:** ئەگەر بىر بوغۇمدا 2 ـ 3 تال بىخ بولسا ئاساسىي بىخنى ساقلاپ قېلىپ، قوشۇمچە بىخ سىرىۋېتىلىدۇ. يېڭى شاخ 5 ـ 10 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، زىچ ئۆسكەن ۋە سايىقى كىچىك ھەم ئاز بولغان شاخلار ئېلىۋېتىلىدۇ. ئادەتتە ئۆرە باراڭلىق ئۆستۈرۈشتە 10 سانتىمېتىردا بىر يېڭى شاخ قالدۇرسا، چەللە باراڭدا ئۆستۈرۈشتە ھەر كىۋادرات مېتىر باراڭ يۈزىدە تەخمىنەن 20 تال ئەتراپىدا نوتا قالدۇرسا بولىدۇ.

**2. ئۇچىنى ئۈزۈش:** نوتا ئۇچىنى ئۈزۈشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى، قېتىم سانى، ئۈزۈم سورتى، ئۆسۈش ئەھۋالى چاتاش ئۇسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چېچەكلەش مەزگىلىدە ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق نوتىنى ۋاقتىنچە ئۆزىراپ ئۆسۈشتىن چەكلەپ، ئوزۇقلۇقنى شاختىكى مېۋىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تىمەن مېۋە شاختا مېۋىلەش ئورۇنىنىڭ ئۈستىدىن 5 ـ 7 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزسە بولىدۇ. ئۆزىراپ ئۆسكۈچى شاختا 12 ـ 20 تال، زاپاس شاختا 9 ـ 15 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچى ئۈزۈلىدۇ.

**3. قوشۇمچە نوتىنى بىر تەرەپ قىلىش:** (1) ئاساسىي شاخ ئۇچىدا ئۆسكەن نوتا قوشۇمچە نوتا بولۇپ، 4 ـ 6 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش؛ (2) قوشۇمچە نوتىنىڭ ھەممىنى ساقلاپ قېلىپ، بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش؛ (3) مېۋە چۈشكەن بوغۇمنىڭ ئۈستىدىكى قوشۇمچە نوتىدا بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ، قايتا ـ قايتا ئۇچىنى ئۈزۈش؛ (4) يانغا ئۆسكەن قوشۇمچە نوتىنىڭ ھەممىسىدە بىر تالدىن يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشۇمچە نوتىنىڭ يوپۇرماق قولتۇقى ئارىسىدىكى بىخنى ئېلىۋېتىش كېرەك.

**4. يۆگىمىچىنى ئۈزۈش ۋە جازىغا باغلاش:** ئوزۇقلۇقنى تېجەش

ئۇچۇن ئۇزۇم يۆگىمىچىنى ئىمكانقەدەر ئېلىۋېتىش كېرەك. چوققا قىسمى-دىكى 2 ـ 3 تال يۇمران يۆگىمەچىنى قالدۇرۇپ، نوتا 25 ـ 30 سانتىمې-تىر ئۆسكەندە يۆگىمىچىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. شاخلارنىڭ تولغىشىپ زەخىملىنىشى ۋە باراڭغا تەكشى يېيىلماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆرە باراڭلىق ئۆستۈرۈشتە، شاخلار 30 ـ 40 سانتىمېتىرلىق ئورۇندىن بىر باغلىنىدۇ، چەللە ـ باراڭلىق ئۆستۈرۈشتە بىر مېتىرلىق ئورۇندىن بىر باغلىسا بولىدۇ.

**5. چېچەك شالاڭلىتىش ۋە ساپاق ئۈچىنى ئۈزۈش:** (1) ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە مېۋە شاخنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئارتۇقچە چېچەكلىرىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا مېۋە، يوپۇرماق نىسبى-تىنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ (2) چېچەكلەشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ساپاقنىڭ ئۈچى قىسمىدىن پۈتۈن مېۋە ساپاقنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ياكى بەشتىن بىر قىسمىنى ئۈزۈۋېتىش لازىم. بۇنداق بول-غاندا ساپاقنى قىسقارتقىلى ۋە مېۋە دانىسىنىڭ تەكشى يوغىنىشىغا كاپالەت-لىك قىلغىلى بولىدۇ.

**6. يوپۇرمىقىنى ئۈزۈش:** مېۋىنىڭ يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، مېۋىنىڭ رەڭلىنىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم قېرى يوپۇرماقلار-نى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

**7. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقى-تىش:** ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولۇپ، كې-سەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە كۆپىيىشىگە پايدىلىق. ئەگەر ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش تەدبىرى مۇۋاپىق بولمىسا، مەھسۇلات تۆ-ۋەنلەش، ھەتتا ھوسۇل ئالالماسلىقتەك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بۇ پەسلىدە ئۈزۈمنىڭ ئاق چىرىش كېسىلى، قىرۋىسمان پاختىلىنىش كېسىلى، سا-پاق قورۇلۇش كېسىلى، قوڭۇر داغ كېسىلى، ئاق توزان كېسىلى ھەم ئۈزۈم ئالا يوپۇرماق تومۇزغىسى، قاسراقلىق قۇرت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار-نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (02)

# كۆممىقوناق ئېتىزدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى

ئابدۇقادىر ئېزىز
(يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. بۇغداي ئېگىزىغا كۆممىقوناق تېرىشتىن بۇرۇن تېرىلاش ياكى ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى چېچىش ئارقىلىق، ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش كېرەك.

2. مۇۋاپىق زىچلىقتا تېرىپ، قۇرنى بالدۇر يېپىپ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈش بوشلۇقىنى تارايتىش كېرەك.

3. ئېتىزغا شاخ - شۇمبا يېيىتىپ ياكى كۆممىقوناقنى سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىپ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى باستۇرۇپ يوقىتىش لازىم.

4. كۆممىقوناننىڭ قۇر ئارىسىنى چاغلاپ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش كېرەك.

5. خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: ① مايسا ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ياكى ئوت - چۆپ بىخلىنىش مەزگىلىدە، تۇپراق نەملىكى يېتەرلىك بولسا، ئاتسېتو خىلور (乙草胺) بىلەن ئاترازىن (莠去津) نىڭ ئارىلاشمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ. تۇپراق نەملىكى تۆۋەن يەرلەرگە مايسا ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ئاترازىن، ئاتسېتو خىلور، لۇمەيلوڭ (氯麦隆+乙草胺+莠去津) نى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە بولىدۇ؛ ② كۆممىقوناقنى تېرىشتىن بۇرۇن ياكى مايسا ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ھەر مو يەرگە 30% لىك گىلىپوسات (草甘膦) نى 100 - 160 گىرام، 72% لىك دوئال (都尔) نى 100 - 150 گىرام چاچسا ئوت - چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئۇرۇقنى تېرىپ مايسا ئۈنۈپ چىققۇچە ھەر مو يەرگە 40% لىك ئاترازىن ياكى 72% لىك پۇلىباۋ (普乐宝) دىن 100 - 150 گىرامنى سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا، ئوت - چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ③ كۆممىقوناق مايىسى 3 - 5 تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلىدە، تۇپراق نەملىكى يېتەرلىك، ئېتىز تەكشى بولسا، نىكو سۇلفۇرون (烟嘧磺隆) قاتارلىق غول، يوپۇرماقلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى چېچىش كېرەك. دورا چېچىپ يەتتە كۈن ئىچىدە ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چاچماسلىق لازىم. كۆممىقوناق مايىسى بەش تال يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن

شامال چىقمىغان چاغدا دورا چېچىپ، كانايچە يوپۇرمىقىنىڭ ئىچىگە دورا چېچىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، بولمىسا ئاسانلا دورا زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. كۆممىقوناق مايسىسى 6 ـ 8 تال يوپۇرماق چىقار-غاندا ئىلگىرى چاچقان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ ئۇنۇمى تۆ-ۋەن بولغان، تۇپراق نەملىكى ناچار يەرلەرگە قارىتا، كۆممىقوناق تۇپى 50 سانتىمېتىر ئۆسكەندىن كېيىن، ئاترازىنغا نىكو سۇلفورونى ئا-رىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. كۆممىقوناق مايسىسى سەككىز تال يو-پۇرماق چىقارغاندىن كېيىن، يەنى ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئوتتۇرا مەزگى-لىدە پاراكۇئات (百草枯) نى چېچىش كېرەك، ئۇندىن باشقا گېڭجې (耕杰) نى چاچسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. گېڭجې كۆممىقوناق ئېتى-زىدىكى كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە ئاساسلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى تېز سۇرئەتتە، كەڭ كۆلەمدە يوقىتالاي-دۇ. تۇپراقنى دورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېچىككەن ۋە تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن يەرلەرگە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ. بوز شېغىل، قارىچايىر (ھىندى چايىر ئوتى)، كۈرمەك، ئۆزى ئۈنۈپ قالغان بۇغداي، كېۋەز ئانىسى، كۆل رەڭ لويلا، ياۋا قامچىگۈل، بۇدۇش-قاق، چىغىرتماق، ئىت ئۈزۈمى، سېمىز ئوت قاتارلىقلارنى ئۈنۈملۈك يوقىتىدۇ. بۇ خىل دورىنى قانچە بالدۇر ئىشلەتسە، ئوت ـ چۆپلەرنى شۇنچە بالدۇر يوقىتىپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كۆممىقوناق بىلەن ئوزۇق، يورۇقلۇق تالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا كا-پالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل دورىنى چېچىپ ئۈچ سائەتتىن كې-يىن يامغۇر ياغسا، دورا ئۈنۈمىگە تەسىر يەتمەيدۇ. گېڭجېنى كەڭ يو-پۇرماقلىق ئوت ـ چۆپلەر 3 ـ 4 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە، تاق پەللىلىك ئوت ـ چۆپلەر ئۈچ تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن چېچىش كېرەك، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 80 ـ 120 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 15 ـ 20 كىلو-گىرام دورا سۇيۇقلۇقىنى سىرغىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە چاچسا بولى-دۇ. پايىزا، تاغ بوز تىكىنى ئېغىر پەيدا بولغان يەرلەرگە گراموكسون (克芜踪) غا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ قۇر ئارىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش كې-رەك. (03)

## مۆچتىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

مەينىساخان ئوسمان
(يەكەن ناھىيە يېڭى ئۆستەڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. مۆچنى تەكرار تېرىشقا بولمايدۇ، ئالدىنقى يىلى مۆچ، شوخلا، پېدەر-گەن ۋە كاۋا تېرىلمىغان، تۇپراق قۇرۇلمىسى ياخشى، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، شور تەركىبى %2 تىن تۆۋەن بولغان مۇنبەت يەرلەر-نى تاللاپ، كۆزدە ئوغۇتلاپ ئاغدۇرۇپ، توڭ ياتقۇزۇش كېرەك.

2. مۆچ مايسا مەزگىلىدە يەر يولۋسى، موزاي بېشىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈچۈن، تۇپراققا تىمىك (涕灭威) دورىسىنى كۆمۈش لازىم. مېۋىلەش مەزگىلىدە كۆكپىت ۋە غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، %2.5 لىك دېساس (敌杀死) نىڭ 800 ھەسسە-لىك ئېرىتمىسىنى ياكى %40 لىك روگور (乐果) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش لازىم.

3. قۇرۇپ كېتىش كېسىلى، ۋىروس كېسىلى، كۆيدۈرگە كېسىلى قاتار-لىق كېسەللىكلەر ئىچىدە قۇرۇپ كېتىش كېسىلىنىڭ زىيىنى ئېغىرراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. (1) يەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، چۆنەكلەپ تېرىش، باستۇرۇپ سۇغارماس-لىق، ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ بەرمەسلىك، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە سۇغار-ماسلىق لازىم؛ (2) كېسەللەنگەن تۈپلەر بايقالسا ۋاقتىدا يۇلۇۋېتىش لازىم؛ (3) ھەر موغا 12 گىرام چىڭكۈلىڭ (青枯灵) نى 30 كىلوگىرام سۇغا ئا-رىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. (05)

# مۇچ ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھەسەنجان تۇرسۇن
(قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

مۇچ ۋىرۇس كېسىلى ئالا يوپۇرماق كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك مۇچنىڭ مۇھىم كېسەللىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆكپىت ئارقىلىق يۇقىدۇ. كېسەللىك ئالامىتىدە يوپۇرماق، گۈل، مېۋىسى تۆكۈلۈش كۆرۈلىدۇ، غول ۋە يوپۇرمىقىدا روشەن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك تېز پەيدا بولۇپ، تېز يوقىدۇ. بولۇپمۇ قاپاق مۇچ ئاسان كېسەللىنىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) ئالدى بىلەن كېسەللەنمىگەن تۈپلەردىن ئۇرۇق قالدۇرۇش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن 10% لىك ئۈچ ناترىيلىق فوسفات (磷酸三钠) غا ئۇرۇقنى 30 مىنۇت چىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم؛ (2) تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. مۇۋاپىق زىچلىقتا ئۆستۈرۈپ، ئېتىز ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، كېسەللىك ۋىرۇسىنى تىزگىنلەش كېرەك؛ (3) مايسىزارلىق ۋە ئېتىزغا كۆكپىت يوقىتىدىغان دورىلارنى چېچىش كېرەك؛ (4) كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى پەرۋىشنى ياخشى ئىشلەپ، كېسەلگە چىداملىقىنى كۈچەيتىش لازىم. كۆكپىت ۋە پارنىك ئاق توزان پىت كېسەللىك ۋىرۇسىنى تارقىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، 25% لىك بۇشىيا (扑虱蚜) ئېرىشچان پاراشوكىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. مايسا مەزگىلىدە پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئادەتتە مايسا مەزگىلىدە كۆكپىت ۋە ۋىرۇس كېسىلىنى تارقاتقۇچى ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، مايسا 5 - يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلىدە 46% بىڭدۇچىڭ (病毒清) نى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 5 - 10 كۈندە بىر قېتىم چېچىش لازىم. (03)

# نەشپۈت چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

تۇنساگۇل تۇردى
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش مەركىزىدىن)

نەشپۈت چىرىش كېسىلى نەشپۈت دەرىخىنىڭ غول، ئاساسىي شاخ ۋە شاخ ئاچىماقلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ قوزاقلىرى كۆپچىشىپ، توقۇلمىلىرى بوشاپ، ئەتراپى قىزغۇچ پورەككە، كېيىن سۇس پورەككە ئۆزگىرىدۇ. قول بىلەن باسقاندا كېسەللەنگەن ئورۇن يۇمشاپ سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئېقىپ، قوۋزاق توقۇلمىلىرى ياغاچلىق قىسمىدىن ئاجراپ ئوڭايلا يېرىلىدۇ ھەمدە قاڭسىق پۇرايدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە كېسەللەنگەن ئورۇندىن ئاچ سېرىق رەڭلىك يېپىسمان ماددا ئېقىپ چىقىدۇ. كېيىن كېسەللەنگەن ئورۇن تەدرىجىي قۇرۇپ قارامتۇل ياكى قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كېسەللەنگەن ئورۇن بىلەن ساغلام ئورۇننىڭ كېسىشكەن جايىدا يېرىقچىلار پەيدا بولىدۇ. ئۆسۈشى كۈچلۈك دەرەخلەردە كېسەللەنگەن قوۋزاق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئاستىدىن يېڭى قوۋزاق شەكىللىنىدۇ. بولۇپمۇ ياز پەسلىدە كېسەللەنگەن شاخ ئاچىماقچىلىرىدا قوۋزاق قۇرتى پەيدا بولۇپ، كۆپ مىقداردا تۇخۇم سالىدۇ. قوۋزاق قۇرتى ياغاچلانغان قىسمىنى غاجاپ ئوزۇقلىنىدۇ ھەم كۆپ مىقداردا ھاشارات مايىقىنى سىرتقا چىقىرىپ، يارا سۇيۇقلۇقى ئېقىپ چىقىدۇ. ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىپ - يوقاتمىسا زەخىملەنگەن قوۋزاق ئاستا - ئاستا سېسىيدۇ. كېسەللەنگەن دەرەخنىڭ چېچەكلىشى، يوپۇرماق، مېۋىسىنىڭ چوڭىيىشى ئاستىلاپ، يوپۇرمىقى كىچىكلەپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئاجىز ئۆسىدۇ ھەتتا ئېغىر بولغاندا دەرەخ پۈتۈن قۇرۇپ كېتىدۇ. چىرىش كېسىلى ئادەتتە چىرىش تىپىدىكى ۋە قۇرۇش تىپىدىكى چىرىش تىپىدىكى كېسەللىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ① چىرىش تىپىدىكى كېسەللىك ئاساسىي غول، ئاساسىي شاخ، شاخ قولتۇقى، يارا ئېغىزىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. قۇرۇش تىپىدىكى چىرىش كېسىلى ئاجىز، ئوزۇن ئۆسكەن 2 - 3 يىللىق شاخلاردا ۋە كۆچەتلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. چىرىش

كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشى دەرەخنىڭ كۈچلۈك، ئاجىزلىقى، ھاۋا كىلىماتى، باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە دەرەخ تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرگەن ۋاقىتتا يەنە ئۇزۇن ۋاقىت تېمپېراتۇرا 22℃ تىن تۆۋەن بولسا دەرەخ توقۇلمىلىرى ئۇششۇپ، كېسەللىك مىكرو - بى يۇقۇملىنىپ چىرىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ① ئورگانىك ئوغۇت بىلەن فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، ئېھتىياجغا قاراپ ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. نەشپۇتلۇك باغقا كۆك - تات ۋە ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەرنى تېرىماسلىق كېرەك؛ ② مېۋىلەش بىلەن ئۇسۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلچەملىك چاتاش، چېچەك، مېۋە شالاڭلىتىش، دەرەخنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك؛ ③ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش كېرەك؛ ④ ئۇششۇك تېگىشنىڭ ئالدىنى ئې - لىشتا، قىش كىرىشتىن بۇرۇن دەرەخ غولىنى ھاك سۈيى بىلەن ئاقارتىش كېرەك؛ ⑤ ئەگەر قىشتا قاتتىق قار ياغسا دەرەخ ئاچماقلىرىدىكى قارلار - نى چۈشۈرۈۋېتىش، باغدا چارۋا - مال بېقىپ، سوغۇقتىن ئۇششۇپ كې - تىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ⑥ مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، كېسىۋېتىلگەن شاخ - شۇمبا، يوپۇرماق، ئوت - چۆپ ئەخلەتلەرنى ۋاقتىدا تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ ⑦ كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولغان باغلاردا چېچەكلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، مېۋىسى ئۈزۈپ بولغاندىن كې - يىن بىر قېتىم بائومې بەش گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت دورىسىنى چېچىش كېرەك. ئۇندىن باشقا يارا ئېغىزغا «9281» نى 250 ھەسسە سۇ - يۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. يىجۇ (易除) نىڭ ئەسلى ئېرىتمىسى، كاڭ - فۇجۇن (抗复菌) مىكروب يوقىتىش دورىسى قاتارلىقلارنى كېسەللەنگەن ئورۇندىكى قوۋزاقلارنى پاكىز قىرىۋېتىپ، ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 3 ـ 4 قېتىم سۈرۈش لازىم. (03)

# نەشپۈت پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرىمانگۈل ئېزىز
(بۈگۈر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن)

**1. زىيان سېلىشى:** بۇ ھاشارات نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىقلارغا ئېغىر زىيان سالىدۇ، يېتىلگەن ھاشارىتى ۋە ياش قۇرتى توپلىشىپ نەشپۈتنىڭ يۇمران بىخ، گۈل - غۇنچە، يوپۇرماق، يۇمران نوتا ۋە مېۋىلەردىكى شىرنە سۇيۇقلۇقى شوراپ زىيان سالىدۇ. زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماق پۈرلىشىدۇ، گۈل - غۇنچىلار سولىشىپ ئېچىلمايدۇ. مېۋە يۈزىدە قارا رەڭلىك چېكىتلىك داغ پەيدا بولۇپ، مېۋە كىچىكلەيدۇ. ياش قۇرتى كۆپ مىقداردا يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ، شاخ، يوپۇرماق، مېۋىلەرنى بۇلغايدۇ. يېپىشقاق سۇيۇقلۇق كېسەللىك مىكروبىنىڭ يۇقىشىغا سەۋەب بولىدۇ (مەسىلەن: قارا زەمبۇرۇغ كېسىلى)، شۇنىڭ بىلەن دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ، يوپۇرمىقى بالدۇر تۆكۈلۈپ، مېۋە سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ ھەتتا دەرەخ تۈپى قۇرۇپ كېتىدۇ؛

**2. ياشاش ئادىتى:** تەۋەيىمىزدە يىلدا 4 - 6 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، يېتىلگەن ھاشارىتى قوۋزاق يېرىقچىلىرىدا، باغلاردىكى يەرگە تۆكۈلگەن يوپۇرماق، ياۋا ئوت - چۆپلەردە ۋە دەرەخ غولىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇپا يېرىقچىلىرىدا قىشلايدۇ. 2 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ دىن يۇقىرى بولغاندا، يېتىلگەن ھاشارىتى ئۆچەكتىن چىقىدۇ، يېتىلگەن ھاشارىتى نەشپۈت دەرىخىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ھەرىكەتلىنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چېتىشىدۇ، نەشپۈت گۈل بىخلىرى ئېچىلىشقا ئاز قالغاندا بىخنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ياكى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يېرىقچىلىرىغا تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر دانە چىشى ھاشارىتى 400 دانە ئەتراپىدا تۇخۇم تۇغىدۇ، بىر ئورۇندا 7 - 10 دانە تۇخۇم بولىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 13℃ ئەتراپىدا بولغاندا 1 - ئەۋلاد ياش قۇرتى تۇخۇمدىن چىقىپ، يېڭى نوتىلارنىڭ ئۇچىغا، يۇمران يوپۇرماق، گۈل ساپىقى، يوپۇرماق ساپىقى قاتارلىقلارغا توپلىشىپ زىيان سالىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدۇ. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى 1 - ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 2 - ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 3 - ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى، 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى 4 - ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 5 - ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولى-

دۇ. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى 6 ـ ئەۋلاد يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولۇپ، قىشلاشقا باشلايدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ يالغان ئۆلۈۋېلىش ئادىتى بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىش كىرىشتىن ئىلگىرى قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ باغ ئىچىدىكى قۇرۇق شاخ، يوپۇرماق ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. دەرەخ غولىنىڭ كونا قوۋزاقلىرىنى قىرىپ، تۆشۈك ـ كامارلاتنى ئېتىپ، دەرەخ غولىنى ئاقارتىش كېرەك؛ (2) 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى %90 نەشپۈت چېچىكى توزىغاندا 1 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى يېڭى نوتىلارنىڭ ئۇچى قىسمىغا توپلىشىپ زىيان سالىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ھاشاراتنى قىرىپ چۈشۈرۈپ بىر يەرگە يىغىپ كۆمۈۋېتىش ياكى %58 لىك فېڭلېيجى (风雷激) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك؛ (3) خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ① 3 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى يەنى نەشپۈت چېچەكلەشتىن ئىلگىرى بائومى بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك؛ ② 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقارغان ياش قۇرتىغا نىسبەتەن سوپۇن پاراشوكى ياكى يۇيۇش سۇيۇقلۇقى (洗洁精) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىپ، يوپۇرماق ئۇستىدىكى يېپىشقاق ماددىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ، بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزۈپ، يوپۇرماق قۇرۇغاندا ياكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن دورا پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن %22 لىك دىمۇشى (敌木虱) سۇتسىمان دورىنىڭ 200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى %20 لىك پوپروفىزىن (扑虱灵) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك. 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا نەشپۈتلۈك باغلاردا نەشپۈت پىتى يەنىلا مەۋجۇت بولسا %0.3 لىك سوپۇن پاراشوكى ياكى يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ياكى سوپۇن، ئورىيا (尿素) ئارىلاشمىسى (1000 كىلوگىرام سۇ + سەككىز كىلوگىرام ئورىيا + ئۈچ كىلوگىرام سوپۇن) نى 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈسە بولىدۇ. نەشپۈت مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھاشارات ئۆلتۈرىدىغان دورىلاردىن %20 لىك ئامىتراز (双甲脒) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك. دەرەخكە دورا چاچقاندا يېتىلگەن ھاشاراتنىڭ %30 ى يەر يۈزىگە چۈشۈۋالىدۇ. شۇڭلاشقا باغ ئىچىدىكى تۇپراق يۈزىگىمۇ دورا چېچىش كېرەك. دېھقانچىلىق دورىسىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك. (03)

# قوغۇنلۇقتىكى يەر يولۋسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

مۇكەرەم سەمەت

(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. زىيان سېلىش ئەھۋالى:** شىنجاڭدا يەر يولۋسىنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ، قوغۇنغا ئاساسەن سېرىق يەر يولۋسى بىلەن يوللۇق يەر يولۋسى بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدۇ. يەر يولۋسىنىڭ لىچىنكىسى قوغۇن مايسىسىغا زىيان سالىدۇ، ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكىسى يۇمران مايسىنىڭ يۇمران بىخىنى ياكى يەر يۈزىگە يېقىن جايىدىكى يىلتىز بوغۇزىنى زەخىملەندۈرىدۇ، ئۈچ ياشتىن كېيىن كۆپ ئوزۇقلىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، يۇمران مايسىنىڭ غولىنى يەر يۈزىگە يېقىن جايىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. يېنىك بولغاندا مايسا كەملىكنى، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن ئېتىزدىكى قوغۇننى ۋەيران قىلىپ، قايتا تېرىمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىش كىرىشتىن ئىلگىرى يەرنى ئاغدۇرۇپ، سۇغىرىپ، تۇپراقتا قىشلىغان ئۈتىدىغان لىچىنكىسى ۋە قورچىقىنى يوقىتىش كېرەك؛ (2) ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ، تۇخۇمىنى ۋە لىچىنكىسىنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارىنى تىزگىنلەش لازىم؛ (3) ئورگانىك ئوغۇتنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (4) يېتىلگەن ھاشاراتنى خىرە نۇرلۇق چىراقتا ياكى، ئاچچىقسۇ - شېكەر سۈيۈقلۇقىغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلماي قوغۇنلۇقتا بىرنەچچە ئورۇنغا يېڭى ئوت - چۆپ ياكى كۆكتات يوپۇرمىقىنى دۆۋىلەپ قويۇپ، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇنىڭغا يىغىلغان يەر يولۋسىنى تۇتۇپ يوقاتسىمۇ بولىدۇ؛ (5) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك: ① بىر كىلوگىرام 56% لىك فوكسىم (辛硫磷) نى 200 كىلوگىرام قورۇلغان بۇغداي كېپىكىگە ياكى كۆك ئوت - چۆپكە ئارىلاشتۇرۇپ، مايسا ئەتراپىغا چاچسا ياكى 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تۈپ تۈۋىگە قويسا، يەر يولۋسىنىڭ تۇخۇمىنى ۋە يېتىلگەن ھاشارىتىنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ② د د ۋ (敌敌畏) نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش ياكى يىلتىزىغا قويۇش كېرەك؛ ③ 2.5% لىك دىساس (敌杀死) نىڭ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك؛ ④ 85% لىك ئاتسېفات (乙酰甲胺磷) نىڭ

# كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

رۇقىيە ئابدۇكېرىم
(ئاتۇش شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن)

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېۋەز پىتى ئۆي ياكى پارنىك ئىچىدىكى گۈل ـ گىياھ، ئۆي سىرتىدىكى ئانار، كاۋاۋچىن قاتارلىقلارنىڭ شىخىدا، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىدا تۇخۇمى ئارقىلىق قىشتىن ئۆتىدۇ. باش باھاردا پارنىك ـ سولياۋ كېمىردىكى كۆكتات، گۈل ـ گىياھلاردا كۆپىيىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قاناتلىق پىت پەيدا بولۇپ، كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ زىيان سالىدۇ، بىر يىلدا 20 ـ 30 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە مايسا مەزگىلىدە زىيان سېلىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىچە تومۇز پىتى ئەۋج ئالىدۇ. كۈزدە كېۋەز تۈپلىرى ئاجىزلىغان ۋاقىتتا قىشتىن ئۆتىدىغان پارازىت خوجىسىغا يۆتكىلىپ، بىر ئەۋلاد ئەركەك پىت پەيدا بولىدۇ، ئەركەك پىتلار چىشى پىتلار بىلەن چېتىشقاندىن كېيىن، بىخ قولتۇقىدا تۇخۇم تۇغۇپ قىشتىن ئۆتىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كېۋەز بىلەن بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، كېۋەز ئېتىزى ياكى ئەتراپىغا چىلگە قوناق، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ، كېۋەز پىتىنى جەلپ قىلىپ، كۈشەندىلەر ئارقىلىق تىزگىنلەش لازىم؛ (2) 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا كېۋەز پىتى كېـ

---

500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك؛ ⑤ 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك؛ ⑥ 85% لىك ئاتسېفات ياكى 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيىنىڭ بىر ئۇلۇشىغا 20 ئۈلۈش سۇ قوشۇپ، ئۇنىڭغا قۇرۇتۇلغان كۆنجىرە ياكى بۇغداي كېپىكىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كەچقۇرۇن قوغۇن مايسىسى ئەتراپىغا قويۇش كېرەك. بۇنداق يەمچۈكنى ھەر مو يەرگە 4 ـ 5 كىلوگىرامدىن قويسا چوڭ ياشلىق لىچىنكىلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. يەر يولۋىسى كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، دورىنى گۇگۇم چۈشۈشتىن بۇرۇن چېچىش كېرەك. (03)

ۋەزلىككە يۆتكىلىدۇ. بۇ چاغدا كېۋەز پىتى چۈشكەن مەركىزىي تۈپكە ۋە ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىن بىر مېتىر دائىرىدىكى كېۋەز تۈپىنىڭ غولىغا 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور (氧化乐果) ياكى 50% لىك ئازودېرىن (久效磷) نىڭ بىر ئۇلۇشىگە بەش ئۇلۇش سۇ قوشۇپ، دورا سۈرۈش سايمىنى بىلەن غول تۈۋىنىڭ قىزىل بىلەن يېشىل تۇتاشقان بىر سانتىمېتىر جايىغا سۇ-رۇش، دورىنى ئايلاندۇرۇپ سۈرۈشكە ياكى قايتىلاپ سۈرۈشكە بولمايدۇ. كېۋەز تۈپىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دورا سۈرۈش ئورنى چوڭايتىلىدۇ؛ (3) خانقىز، ئالتۇن كۆز، كۆكپىت يەيدىغان چىۋىن، غوزەك ھەرىسى ۋە پاختىلاشتۇرغۇچى زەمبۇرۇغ قاتارلىق كۈشەندىلەر بۇغدايىنى ئورۇۋالغاندىن كېيىن، كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ كۆك پىتنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا كۈشەندىلەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (4) ھەر مو يەرگە ئازودېرىن، مىتامىدوفوس ياكى ئوكسىدلانغان روگورنىڭ 150 ـ 200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىدىن 1 ـ 1.5 كىلوگرام ئېلىپ، دورا پۈركۈگۈچكە يەلنى ئاز ئۇرۇپ، پامىرىنى كىچىك ئېچىپ تۈپنىڭ ئۈچىدىن 3 ـ 5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى قىسمىغا پۈركۈش كېرەك؛ (5) كېۋەز تۈپى ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە يوپۇرمىقى پۈرلەشكەن تۈپ 15% ـ 20% كە، ئۈچ تال يوپۇرماق مەزگىلىدىن كېيىن يوپۇرمىقى پۈرلەشكەن تۈپ 40% كە يەتكەندە خاۋنيەندۇڭ (好年冬) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقىنى 2000 ھەسسە ياكى 50% لىك ئازودېرىن سۇتسىمان سۇيۇقلۇقىنى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى پۈركۈسە بولىدۇ؛ (6) 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنى باش سۇيىنى قويۇشتىن ئىلگىرى ھەر موغا 3% لىك تىمىك (涕灭威) دانىچە دورىسىدىن 300 ـ 400 گىرام ياكى فۇرادان (呋喃丹) دانىچە دورىسىدىن 2.5 ـ 3 كىلوگىرام ئېلىپ، كېۋەز تۈپىدىن 10 ـ 15 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەكلەپ كۆمۈش كېرەك. 8 ـ ئايدا كېۋەز قۇرى يېيىلغاندىن كېيىن ھەر موغا 100 ـ 150 گىرام 80% لىك د د ۋ غا 30 ـ 40 كىلوگىرام يىرىك توپا ياكى ھەرە كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ، دورىلىق توپا ياساپ كەچقۇرۇن تۈپ، قۇر ئارىسىغا سېپىپ، كېۋەز پىتىنى دىمىقتۇرۇپ يوقىتىش كېرەك. (03)

# ئۆرۈك يېلىم كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلبوستان قادىر
(توقسۇن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** ئۆرۈك غولى ۋە شاخ ئاچىماقلىرى يېلىم كېسەللىكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا ئاۋۋال كۆپۈپ، ئاندىن سۇزۇك يېلىم سۇيۇقلۇقى ئېقىپ چىقىدۇ. يېلىم سۇيۇقلۇقى ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ قېتىغاندىن كېيىن ساغۇچ قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ، ئۆرۈك غولىغا چاپلىشىپ قالىدۇ، يېلىم ئاقىقان ئورۇنىنىڭ پوستى ۋە ياغاچلاشقان قىسمى جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ سېسىيدۇ ياكى قېتىپ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. سېسىغان قىسمىدىكى دەرەخ قوۋزىقى يېرىلىپ، تەدرىجىي قارىداپ، چىرىندىخور پارازىت ۋە زەمبۇرۇغ يۇققاندىن كېيىن، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش سەۋەبى:** كېسەللىك مىكروبى ئاساسەن دەرەخ غولىنىڭ زەخىملەنگەن يېرىدىن يۇقۇملىنىدۇ. دەرەخ غولىنىڭ زەخىملىنىشىنى ئاساسلىقى مېخانىك زەخىملىنىش، ھاشاراتتىن زەخىملىنىش، سوغۇقتىن زەخىملىنىش، ئاپتاپ چېقىۋېتىش، قۇرت چۈشۈش، ئۇلاش، چاتاش ۋە بىر بىرىگە ئۇرۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەر پەيدا قىلىدۇ. يازدا بەك ئېغىر چاتالسا، مۇۋاپىق ئوغۇتلانمىسا، تۇپراق سېغىزلاشقان، كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتى كۈچىيىپ كەتكەن، دېھقانچىلىق دورىسى مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن، سۇ چىقىرىۋېتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، زىيادە سۇغىرىلغان بولسىمۇ يېلىم پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) ئۆرۈك مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، مەھەللىۋى ئوغۇتقا مۇۋاپىق مىقداردا شاخ - شۇمبا چىرىندىلىرى، ئورىيا (尿素) نى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش كېرەك. ئۆرۈكلۈك باغقا يىغىلىپ قالغان سۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئۆرۈكنى يېنىك چاتاش، بولۇپمۇ ئۇلاق ئۈستى ئالغاندا ئەمدىلا ئۆسۈپ چىققان يېڭى نوتىلارنى بىراقلا كۆپ كېسىۋەتمەسلىك ياكى چوڭ شاخنى كېسىپ يېڭىلىغاندا ئېغىر كەسمەسلىك، ئاپتاپ چېقىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئارقىلىق، دەرەختە يارا كۆپىيىپ كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يارا ئېغىزغا ئۇلاق مومى قاتارلىق چىرىشتىن ساقلىغۇچى دورىلارنى سۈرۈش،

# نەشپۈت غول ھەرسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

توختى ئاقموللا
(كورلا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

نەشپۈت غول ھەرسىسىنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتى يېڭى نوتىلارغا زىيان سالىدۇ. نوتىنى تېشىپ كىرىپ تۇخۇم سالىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغان شارائىتتا 12 كۈن ئەتراپىدا تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىپ، يۇمران نوتىنى داۋاملىق يەپ زىيان سالىدۇ. ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان نوتىدىكى مېۋىلەر قۇرۇپ قالىدۇ، ھەر يىلى ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان نەشپۈت تەدرىجىي ئاجىزلايدۇ، قىشتا ئاسان ئۇششۇپ قالىدۇ.

**1. ياشاش ئالاھىدىلىكى:** بۇ ھاشارات يىلىغا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. قېرىغان لىچىنكىسى ئىككى يىللىق نوتىنىڭ ئىچىدە ئۆچەككە كىرىدۇ. ئىككىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قورچاقچا ئايلىنىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېتىلگەن ھاشارىتى تۇخۇم تۇغۇشنى باشلايدۇ. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا لىچىنكا نوتا ئىچىگە كىرىپ زىيان سالىدۇ، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆچەككە كىرىپ ياز ۋە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ.

**2. تارقىلىش ۋە زىيان سېلىش ئالاھىدىلىكى:** نەشپۈت غول ھە-

كەسمە ئېغىزىغا سىر، ئۇلاق مومى، لاي قاتارلىقلارنى سۈرۈپ، كېسەللىك مىكروبى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. دەرەخ غولىدىكى غول تەشكۈچى قۇرت، كىچىك پوستلاقخور قاتارلىق زىيانداش قۇرتلارنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، دەرەخ غولىدا جاراھەت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (2) ئۆرۈك دەرىخى تىنچلىنىش مەزگىلىدە ياكى ئەتىيازدا بىخلىنىشتىن بۇرۇن بائومې بەش گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىپ، يىلىم ئېقىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. 10 ئۈلۈش ھاكقا بىر ئۈلۈش ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى، ئىككى ئۈلۈش تۇز، 0.3 ئۈلۈش يەر ياڭىقى مېيى، مۇۋاپىق مىقداردا سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆرۈك يېلىمىنى قىرىۋېتىپ سۈرۈپ، كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (3) كۈزدە ئۆرۈكنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرۈكنىڭ قېرى قوۋزىقىنى قىرىۋېتىپ، دەرەخ غولىغا ھاك سۈرۈپ ئاقارتىش كېرەك.(03)

رىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نەشپۈت ئۆستۈرۈلىدىغان جايلارنىڭ ھەممى-سىگە تارقالغان بولۇپ، بايىنغولىن رايونىدا ئەتىيازدا شامال كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ بولماقتا. بۇ خىل ھاشارات چوڭ نەشپۈتلۈك باغلارغا يېنىكرەك، كۆچەتلىك باغلارغا ئېغىرراق زىيان سالىدۇ. مېۋىلىگەن كۆچەت زىيانغا ئۇچرىسا، مېۋىلىرى قارىداپ تۆكۈلىدۇ ھەمدە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان كۆچەتلەر تەدرىجىي ئاجىزلاپ قىشتىن ئۆ-تەلمەيدۇ. 2012 ـ يىلى كورلا شەھىرى لەنگەر يېزا شاقۇر 3 ـ گۇرۇپپىتا زىيانغا ئۇچرىغان باغلارنى تەكشۈرگەندە، نوتىلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىس-بىتى 30% ـ 70% بولغان. مېۋىگە كىرگەن باغلارنى تەكشۈرگەندە مېۋى-نىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى 4% ـ 6% بولغان.

ھەر يىلى 4 ـ ئايلاردا تېمپېراتۇرا 18℃ ـ 20℃ بولغاندا تۇخۇم تۇ-غۇشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 5 ـ ئاينىڭ باش-لىرىدا لىچىنكىنىڭ يۇمران نوتىلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ زىيان سېلىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. يېڭىلا تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكا سۈت رەڭدە بولۇپ، يۇمران نوتىنى بويلاپ ئۈستىگە چىقىپ، چاتالغان جايدىن تۆۋەنگە قاراپ تېز سۈرئەتتە يەپ، يۇمران نوتىنىڭ پوستىنىلا قويىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) زىيانغا ئۇچرىغان نو-تىلارنى چاتىغان جايدىن 2 ـ 3 سانتىمېتىر تۆۋەن تەرىپىدىن كېسىپ، بۇ ھاشاراتنىڭ داۋاملىق زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (2) بى-رىنچى قېتىملىق ئالدىنى ئېلىش پۇرستى كېتىپ قالسا يازلىق ۋە قىش-لىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، زىيانغا ئۇچرىغان شاخنى كېسىپ كۆيدۈرۈۋې-تىش لازىم؛ (3) مېۋىگە كىرمىگەن ياش نەشپۈتلۈككە يېڭى نوتا چىقارغان-دىن كېيىن ھاشارات يوقىتىش دورىسى چېچىش كېرەك؛ (4) تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىپ 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە (يەنى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا) لورسبان (乐斯本) نى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، پىرتىرىن (菊酯) تۈرىدىكى دورىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. (02)

# مۆجىنىڭ باكتېرىيەلىك داغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرئەلا ئەمەت
(يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** باكتېرىيەلىك داغ كېسىلى مۆجىنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، مايسا مەزگىلىدە كۆرۈلسە يوپۇرماقتا سۇ بىلەن نەمدەپ قويغاندەك كۈمۈش رەڭلىك كىچىك داغلار ھاسىل بولىدۇ. كېيىن تۇتۇق قوڭۇر رەڭلىك ئويۇل ھالەتتىكى كېسەللىك دېغىغا ئايلىنىدۇ ۋە يوپۇرماقنىڭ پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پۈتۈن تۈپ نابۇت بولىدۇ. تۈپ بولۇپ شەكىللەنگەندە كېسەللىك كۆرۈلسە، دەسلەپتە يوپۇرماقتا سارغۇچ يېشىل رەڭلىك نەمدەپ قويغاندەك كېسەللىك دېغى ھاسىل بولۇپ، كېيىن كېڭىيىپ دۈگىلەك ياكى رەتسىز قوڭۇر داغقا ئۆزگىرىدۇ. كېسەللىك دېغى چۆرىسىنىڭ رەڭگى قېنىقلىشىدۇ ھەم سەل تومپىيىپ چىقىدۇ، ئوتتۇرىسى سەل سۇس ھەم ئولتۇرۇشۇپ، يۈزى يېرىك، شەكلى قاقاچقا ئوخشىشىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىك قاقاچ كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېسەللىك ئېغىرراق پەيدا بولسا، يوپۇرماقتىكى نۇرغۇنلىغان كېسەللىك داغلىرى ئۆزئارا بىرىكىپ بىر نەچچە دانە چوڭ داغقا ئۆزگىرىدۇ ۋە يوپۇرماقنىڭ قۇرۇپ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى، ھەتتا پۈتۈن تۈپنىڭ تاياقچە بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوپۇرماق ساپىقى، مېۋە ساپىقى ۋە غول قىسمىدا كېسەللىك پەيدا بولسا، سۇ بىلەن نەمدەپ قويغاندەك يوللۇق، رەتسىز داغلار ھاسىل بولىدۇ. مېۋىسى زىيانغا ئۇچرىسا يۇمىلاق ياكى سوقىچاق قارا قاقاچ داغ ھاسىل بولىدۇ. نەملىك يۇقىرى شارائىتتا كېسەللەنگەن ئورۇندىن مىكروب يېلىمى ئېقىپ چىقىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** مۆچ باكتېرىيەلىك داغ كېسىلىنىڭ مىكروبى ئۇرۇق ۋە كېسەللىك قالدۇقىدا قىشلايدۇ. ئەتىياز پەسلىدە يامغۇر سۈيى، ھاشارات ئارقىلىق تارقىلىپ، پارازىت خوجىسىنىڭ ھاۋا تۆشۈكى ۋە زىيدە ئېغىزىدىن يۇقىدۇ. يىراق ئارىلىققا ئۇرۇق ئارقىلىق تارقىلىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى، يامغۇر كۆپ بولغان 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئېغىر پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ قاتتىق بوران ۋە يامغۇردىن كېيىن پارازىت خوجىسىنىڭ زەخىملىنىشى كۆپ بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقىرى نەملىك شارائىتى ئۇزاققىچە داۋاملاشسا، يوپۇرماقتىكى كېسەللىك دېغى قاقاچ ھاسىل

قىلماستىن ناھايىتى تېز لا كېڭىيىپ، يوپۇرماق گىرۋىكى ۋە داغ ئورنى قۇرۇپ كېتىدۇ ياكى يوپۇرماقتا كۆپلىگەن ئۇششاق داغلار ھاسىل بولۇپ، ئاخىرىدا يوپۇرماقلار كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەلسىز ئۇرۇقلۇق ئېتىز بەرپا قىلىپ، ساغلام ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. تېرىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقنى 55℃ لۇق سۇغا 10 مىنۇت چىلاپ ئېلىپ، سوغۇق سۇغا 6 ـ 15 سائەت چىلاپ، ئاندىن 1% لىك مىس سۇلفات (硫酸铜) قا بەش مىنۇت چىلاپ، سۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئازراق كۆيدۈرۈلگەن ھاك ياكى ئوچاق كۈلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىسا بولىدۇ؛ (2) پەيدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتنى باشقا زىرائەتلەر بىلەن 2 ـ 3 يىلغىچە نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش كېرەك؛ (3) كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئېتىزلىقنى پاكىز تازىلاش ۋە يەرنى ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش ئارقىلىق، كېسەللىك مىكروبىنى يوقىتىش لازىم؛ (4) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بوردو سۇيۇقلۇقى ياكى 200PPM لىق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستېرېپتومىتسىن (农用链霉素) ياكى 56% لىك زىنىب (代森锌) دورىسىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن، جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك. (02)

---

(بېشى 11 ـ بەتتە)

غۇتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەندە ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىش، خىمىيەلىك ئوغۇتنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەندە ئاز مىقداردا كۆپ قېتىم بېرىش ھەم بىر خىل ئوغۇتنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ② ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇت ئىشلىتىش كېرەك. كىسلاتالىق ئوغۇت بىلەن ئىشقارلىق ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقى ئېشىپ كەتكەن ياكى كىسلاتالىق ئوغۇت بېرىش زۆرۈر بولغاندا ئوغۇتقا خام ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەپ بېرىش كېرەك. تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقى ئېشىپ كەتكەن ياكى تۇپراقنىڭ كىسلاتالىق، ئىشقارلىق دەرىجىسى ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا پىششىق ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەش كېرەك، لېكىن پىششىق ھاكنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى خام ھاكنىڭ 1/2 دىن 1/3 گىچە بولسا بولىدۇ، زىرائەت ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە تۇپراققا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ③ زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم، چۈنكى بۇنداق ئوغۇتلىغاندا تۇپراق بۇلغانمايدۇ. (05)

# قوغۇن قىرۇۋسىمان باختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

پاشاگۈل مامۇت
(يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتى ئاساسلىق قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى. قوغۇن يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت بولۇپ، ئۈستۈنلۈكى يىلدىن - يىلغا كېڭىيىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر خىل قوغۇن كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن قوغۇننىڭ تاۋارلىق قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىش جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاۋار، جاغدا قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا قوغۇننىڭ تاۋارلىق سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ، يوپۇرماق ئاستىدىن تارقىلىدۇ، بىرقەدەر كېچىكىپ تارقالسا يوپۇرماققا ئوتتۇرىسىدىن تارقىلىدۇ، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماققا سېرىق مەڭ دېغى پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك دېغى كېڭەيگەندىن كېيىن، يوپۇرماق تومۇرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كۆپ بۇرجەكلىك ياكى يۇمىلاق، سۇس رەڭدىكى كېسەللىك دېغى كۆرۈلىدۇ. 5 - 7 كۈندە كېسەللىك دېغى قېنىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، نەملىك يۇقىرى بولغاندا يوپۇرماق كەينىدىكى كېسەللىك دېغى ئورنىدا قارامتۇل كۆلرەڭ پاختىلاشقان قەۋەت پەيدا بولىدۇ. ئېتىزنىڭ نەملىكى يۇقىرى ياكى يامغۇرنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپلىگەن كېسەللىك دېغى بىرلىشىدۇ، كۆپ بولغاندا يوپۇرماقنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ ياكى يىگىلىتىدۇ، ھەتتا مۇددەتتىن بۇرۇن قوغۇن تۈپىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** قىرووۋسمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ مىكروبى زەمبۇرۇغ يىپچە تەنچىسى ۋە ئىسپورا خالىتىسى شەكلىدە پارنىك-تا قىشتىن ئۆتىدۇ. كېسەللىك مىكروبى پارنىكتىكى تەرخەمەك مايسىسى-غا، يەنە قوغۇنلۇققا يۇقىدۇ، كۆز پەسلىدە يەنە پارنىكتىكى تەرخەمەككە يۇ-قۇپ قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. كېسەللىك مىكروبى ئېتىزلىققا ئاساسەن ھاۋا ئې-قىمى، يامغۇر سۈيى ۋە ھاشاراتلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ. قوغۇننىڭ قىرووۋ-سىمان پاختىلىشىش كېسىلى ھاۋا كىلىماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بو-لۇپ، پەيدا بولۇشىغا 20℃ - 24℃ ئەتراپىدىكى تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى، يېغىش قېتىمى كۆپ بولۇش ياكى تۇمان، شەبنەمنىڭ كۆپ بولۇشى كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تارقى-لىشىغا پايدىلىق. بۇ خىل ئەھۋال 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا باشلىنىپ، ئاي ئاخىرىدا تارقىلىشى كۈچىيىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپ-كى مەزگىلىدە سۇغىرىش مىقدارىنى كونترول قىلىش، يامغۇردىن كېيىن سۇغىرىش مىقدارىنى كونترول قىلىش، ئېتىزنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىپ، كېسەللىك مىكروبىنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش كېرەك. 7 - ئاينىڭ بې-شىدىن باشلاپلا ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىش خىزمىتىنى ئەستا-يىدىل ئىشلەش كېرەك. ئادەتتە تېمپېراتۇرا 15℃ قا يېتىپ، نەملىك 85% تىن ئاشقاندا ئېتىزلىقتا مەركىزىي كېسەللىك تۈپى پەيدا بولىدۇ، مەركىزىي كېسەللىك تۈپى بايقالغان ھامان بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. 80% لىك داشىڭ (大生) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 72% لىك شۇاڭىيبىكې (霜疫必克) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 72% لىك كۇرزات (克露) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. (03)

# پوركوپ سوغىرىشتا ئىشلىتىدىغان توروبا ماتېرىياللىرىنى تاللاش ئۇسۇلى

مىنەۋەر ئابدۇغېنى
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

پوركوپ سوغىرىش سىستېمىسىنى پىلانلىغاندا ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن سوپەتلىك، ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈش كېرەك. توروبا يولى پوركوپ سوغىرىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ پوركوپ سوغىرىش قۇرۇلۇشىدا ئېھتىياجلىق مىقدارى ئەڭ كۆپ، سېلىنىدىغان مەبلەغدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا توروبا ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرلىرىنى تاللىغاندا يۈتكەش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا، تۇتاشتۇرۇش، چېتىش ۋە بېسىمغا، تولغىنىش ۋە چىرىشكە چىداملىق، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئەڭ مۇھىمى تەننەرخى مۇۋاپىق بولۇش قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىنىش كېرەك.

پوركوپ سوغىرىشتا ئىشلىتىدىغان توروبىلار ئىشلىتىش شەكلى بويىچە مۇقىم توروبا ۋە يۆتكىلىشچان توروبا دەپ ئايرىلىدۇ، ماتېرىيالى بويىچە مېتال توروبا ۋە غەيرىي مېتال توروبا دەپ ئايرىلىدۇ. غەيرىي مېتال توروبا يەنە چۆرۈك قاتتىق توروبا ۋە سولياۋ توروبا دەپ ئايرىلىدۇ.

**1. مېتال توروبا:** قارا مېتال ياكى رەڭلىك مېتاللارنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان پولات توروبا، چۆيۈن توروبا، نېپىز دىۋارلىق ئاليۇمىن توروبا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مېتال توروبا باشقا خىلدىكى توروبىلارغا قارىغاندا بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇپ، يەر ئاستىغا كۆمۈشكىمۇ، يەر ئۈستىگە ياتقۇزۇشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما مېتال توروبا چىرىشكە چىدامسىز بولۇپ، سوغىرىش سۈيى تەركىبىدە كىسلاتالىق چىرىتكۈچى ماددىلار بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. نېپىز دىۋارلىق ئاليۇمىن توروبا يەڭگىل، ئۇچرايدىغان خىزمەت بېسىمى ئېغىرراق، ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك، ئاسان يېرىلمايدۇ، ئىچكى دىۋارى سىلىق، ئاسان داتلاشمايدۇ، كىسلاتالىق چىرىشكە چىداملىق، كۈچلۈك ئىشقارلىق چىرىشكە چىدامسىز بولىدۇ، شۇڭلاشقا شورلۇق يەرلەر-

گە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە باھاسى يۇقىرى، سوقۇلۇشقا چىدامسىز، چىرىشكە چىدامىلىقى پولات تۇرۇبىغا يەتمەيدۇ.

2. **چۇرۇك قاتتىق تۇرۇبا:** سېمونتنى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىپ ئالدىن كۈچلەندۈرۈپ ئىشلەنگەن پولات چىۋىقلىق بېتون تۇرۇبا، تاش پاختىلىق سېمونت تۇرۇبا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىن كۈچلەندۈرۈلگەن بېتون تۇرۇبا مېتال تۇرۇبىدىن قالسىلا بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇپ، يەر ئاستىغا كۆمۈشكىمۇ، يەر ئۈستىگە ياتقۇزۇشقىمۇ بولىدۇ. تاشپاختىلىق سېمونت تۇرۇبىنى يەرگە كۆمۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى تاشپاختىلىق سېمونت تۇرۇبا چۇرۇكلۈككە ئىگە بولغانلىقتىن سوقۇلۇشتىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېمپېراتۇرىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولغاندا ئۈزۈلۈش، يېرىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى يەر ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

3. **سولياۋ تۇرۇبا:** ھەر خىل بىرىكمە دىۋېرقايىنى خام ماتېرىيال قىلغان پولى خىلور ئېتىلىنلىق تۇرۇبا ۋە پولى ئېتىلىنلىق تۇرۇبا، تالالىق يۇمشاق سولياۋ تۇرۇبا ۋە تاشپاختىلىق يۇمشاق سولياۋ تۇرۇبا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. سولياۋ تۇرۇبىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ ئىشلەتكەندە ئىشەنچلىك بولىدۇ. سەۋەبى، سولياۋ تۇرۇبا تالالىرىنىڭ كۆپۈش كوئېففىتسېنتى چوڭ ھەم يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا شەكىل ئۆزگەرتىش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا قېتىپ چۇرۇكلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى يەر ئۈستىگە ياتقۇزۇشقا بولمايدۇ.

مەيلى مۇقىم تۇرۇبا يولىغا ياكى يۆتكىلىشچان تۇرۇبا يولىغا ئىشلىتىدىغان تۇرۇبىلار بولسۇن، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم. ھازىر ئېلىمىزدە مۇقىم تۇرۇبا يولى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا، سولياۋ تۇرۇبا قاتارلىقلار بار. يۆتكەلمە تۇرۇبا يولى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا ماتېرىياللىرى، نېپىز دىۋارلىق پولات تۇرۇبا، سولياۋ تۇرۇبا قاتارلىقلار بار. تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى تاللىغاندا ئادەتتە پۈتۈش باھاسى، ئىشلىتىش يىل چېكى، ئىشەنچلىك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئويلاشقاندىن باشقا، ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# كىچىك تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ئۇسۇلى

تۇرسۇنجان تۇرسۇنروزى
(لوپ ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسىدىن)

نۆۋەتتە مەركەز ئاپتونوم رايون سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلاش، يۇرۇشلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېزا ـ ئىگىلىك سۇ ئىشلىرى تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ناھىيەمىز مەركەز ئاپتونوم رايون ئاجراتقان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلاش، يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك تىپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، باشقۇرۇش ئاسراش جەھەتتىكى ساقلانغان مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، تاقاق ـ تومىلار ئۈنۈمىنى يوقىتىش، سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىدە لاتقا تىنىپ قېلىپ سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈۋالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش كېرەك.

2. يېزا ـ كەنت مەھەللىلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش لازىم.

3. تاقاق ـ توما قاتارلىق سۇ سىستېمىسى ئىنشائاتلىرىغا قارىتا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ ۋە سۇيۇلدۇرۇش مايلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە سوغۇقتىن توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. سۇ سىستېمىسى ئىنشائاتلىرىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇشقا قارىتا تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇشتىن چىققان ھەر خىل كېرەكسىزلەرنى سۇغىرىش ئۆستىڭىگە تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

# سولىياۋ يوپۇق يېپىپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش ئۇسۇلى

ئىلھام قاھار
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

ھەرقايسى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساشتا بېتون تاختا ياتقۇزۇپ ئۆستەڭ ياساشتىن باشقا، سولىياۋ يوپۇق يېپىپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش ئۇسۇلىمۇ كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. سولىياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستەڭ ياساشنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، مەشغۇلاتى ئاددى، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، دېھقانلار ئۆزلىرى ياسىيالايدۇ. سولىياۋ يېپىپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش غول ئېرىقتىن تۆۋەن ئۆستەڭلەرگە باب كېلىدۇ. لېكىن ياساشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ئالدى بىلەن سۇ ئېقىۋاتقان كونا ئۆستەڭلەردىكى سۇنى توختىتىپ، ئۆستەڭنىڭ ئېگىز ـ پەس يەرلىرىنى تۈزلەپ، ئىمكانقەدەر توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆستەڭنىڭ ئىچىنى بىر قۇر تازىلاش كېرەك.

2. سولىياۋ يوپۇقنى كۆمۈش قېلىنلىقىغا ئاساسەن ئۆستەڭنىڭ كېسىك يۈزىنى يەنە بىر قېتىم چوڭايتىش كېرەك.

3. ئەگەر ئۆستەڭ يېڭىدىن ياسالغان بولسا، ئۆستەڭنى قېزىش ۋاقتىدا سولىياۋ يوپۇقنى كۆمۈش قېلىنلىقىنى، كېسىك يۈزىنى تەلەپ بويىچە چوڭايتىپ قىزىش كېرەك.

4. سولىياۋ يوپۇق يېپىشتا پۈتۈن ياتقۇزۇش، يېرىم ياتقۇزۇش، يالغۇز تاپانغىلا ياتقۇزۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. يېرىم ياتقۇزۇش ۋە تاپانغا ياتقۇزۇش، سۇ چوڭقۇرلۇقى تېيىز، تاپان بەك كەڭ بولغان ئۆستەڭلەرگە ماس كېلىدۇ.

5. سولىياۋ يوپۇقنىڭ قېلىنلىقى 0.2 ـ 0.7 مىللىمېتىر بولۇپ، ئۆستەڭ كىچىك بولسا نېپىز سولىياۋ يوپۇقنى، ئۆستەڭ كەڭ بولسا قېلىن سولىياۋ يوپۇقنى ياتقۇزۇش كېرەك.

# زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنىڭ رولى

خەيرۇللا سەلەي

(ئاتۇش شەھىرى توقاي ئامبار سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يەر ئاستى سۇيىنى تۆۋەن ئېقىنغا ئېقىتىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى كونترول قىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ، تېرىلغۇ تۇپراق يۈزىدە سۇ يىغىلىپ ھۆلچىلىك ئاپىتى پەيدا قىلىشنىڭ ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىشىپ، ناچار تۇپراققا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، تۇپراق نەملىكى يېتەرلىك بولۇشى لازىم، تۇپراق نەملىكى يېتىشمىسە زىرائەتكە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ، نەملىك بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ زىرائەتكە زىيان سالىدۇ. زىرائەتلەر ئۇزۇن ۋاقىت سۇلۇق شارائىتتا تۇرسا ۋە نەملىكنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە، ئۆسۈپ يېتىلىشى ناچارلاپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ، ھەتتا زىرائەت نابۇت بولىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ تۇپراقتا نەملىشىپ تۇرۇش ۋاقتى ۋە نەملىكنىڭ چوڭقۇرلۇقى،

---

6. سولياۋ يوپۇق يېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىنى 20 ـ 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈپ، كۈن نۇرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

7. سولياۋ يوپۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى يەرنى ئوقۇر شەكلىدە ئويۇپ، سولياۋ يوپۇقنى ئۇدۇللۇق كۆمۈپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

8. ئەگەر سولياۋ يوپۇق ياپىدىغان يەر شېغىللىق، تاشلىق، قومۇچ ئۇنۇپ چىققان بولسا، ئالدى بىلەن 5 ـ 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قۇمساڭ توپا ياتقۇزۇپ، ئاندىن سولياۋ يوپۇق يېپىپ، سولياۋ يوپۇقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

زىرائەتلەرنىڭ ھۆلچىلىككە چىدامىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ھۆلچىلىككە چىدامىلىقى زىرائەتنىڭ سورتى، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ۋە غول سۇپىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەرنىڭ ھۆلچىلىككە چىدامىلىقى پاكار غوللۇق زىرائەتلەردىن كۈچلۈك بولىدۇ.

يەر ئۈستى ئېقىن سۇلىرى زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىر قىسمى يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدۇ، ئۇندىن باشقا يامغۇر، قار سۇلىرى، دەريا، كۆل، ئامبار سۇلىرى يەرگە سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى كۆپەيتىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ. يەر ئۈستىدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ھەم دەريا ـ ئېقىنلار ۋە يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق يوقالغان يەر ئاستى سۇ مىقداردىن، يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرگەن سۇ مىقدارى كۆپ بولسا، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرىلايدۇ، ئەكسىچە بولسا تۆۋەنلەيدۇ. ئادەتتە زەي چىقىرىۋېتىشتە ئۈستى ئوچۇق ئۆستەڭ چېپىش ۋە يەر ئاستىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئۈستى ئوچۇق ئۆستەڭ چېپىپ يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىۋېتىشتە، ئۆستەڭ ئۈستىگە زاكو ـ قاپقاق، كۆۋرۈك، شارقىراتما، خەندۇەك قاتارلىق قۇرۇلمىلارنى ياساشقا توغرا كېلىدۇ. يەر ئاستىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇپ زەي چىقىرىۋېتىشتە ئانا تۇرۇبا، تارماق تۇرۇبا، سۇ يىغىش كۆلچىكى، قۇم سۈزۈش كۆلچىلىكى، ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشۈكى، كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى قاتارلىق قۇرۇلمىلارنى ياساشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قىلىپ، زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەپ، تۇپراق سۈپىتىنى يۇقىرىلىتىش، زىرائەتنىڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (05)

## قوي، ئۆچكىلەردىكى ئاتسېتون كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

ئايشەمگۈل ئوبۇل
(مارالبېشى ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن)

قوي، ئۆچكىلەردە بولىدىغان ئاتسېتون (Acetonaenia, Ketosis) كېسەللىكى تەندە كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى ۋە مايىنىڭ ئالمىشىشى قالايمىقانلىشىپ، قاندىكى شېكەرنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەپ، ئاتسېتون مىقدارى كۆپىيىش بىلەن ئالاھىدىلىنىدىغان بىر خىل ئوتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ماددا ئالماشتۇرۇش كېسەللىكى بولۇپ، قوي، ئۆچكىلەردە بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە پەيدا بولىدۇ. پەسىل جەھەتتىن تولاراق باش ئەتىيازدا پەيدا بولىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** قوي، ئۆچكىلەر بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. بوغاز ساغلىقنىڭ ئوزۇقلۇق مېتابولىزىم تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، مايىنىڭ مېتابولىزمى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. مايىنىڭ ئوكسىدلىنىشى تولۇق بولماي، كۆپ مىقداردا كېتون تەنچىلىرى ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەندە كۆپ مىقداردا كېتون يىغىلىپ، سۈيدۈك بىلەن بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىك كېتون كېسەللىكى (Ketosis) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ تەبىئىي تارقىلىشىنى ئانالىز قىلغاندا، تولاراق پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئاز بولغان چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك ئوتلاقلاردا بېقىلغان قوي، ئۆچكىلەردە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئالدىنقى يىلى قۇرغاقچىلىق بولغان جايلاردا ئىككىنچى يىلى ئاسان پەيدا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەم - بوغۇز كۆپرەك قوشۇپ بېرىلىپ، يىرىك يەم - خەشەك، شىرنىلىك يەم - خەشەكلەر كەمچىل بولغان رايونلاردا بېقىلغان قوي، ئۆچكىلەردە پەيدا بولىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە پادىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ھەزىم قىلىشى ناچارلاش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئىچى تارتىلىش، ئاز تېزەكلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، مەزمۇت دەسسەپ ماڭالماسلىق، يېتىۋېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كېيىنرەك روھسىزلىنىش، ئىنكاس قايتۇرۇشى ناچارلاش، چايناش مۇسكۇلى ۋە بويۇن مۇسكۇلى سىپازمىلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بەزىدە بېشىنى بىر يېقىغا بۇراپ ھوشسىز ياتىدۇ. تەن تېمپېراتۇرىسى نورمال ياكى سەل تۆۋەن بولىد-

# كالىلارنىڭ يەم ـ خەشەك سۈپىتىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ داۋالاش ئۇسۇلى

خەدىچەم ئىسمائىل

(غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزا چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

1. كۆكىرىپ قالغان قوناقتىن زەھەرلىنىش: بۇنىڭدا كۆكىرىپ قالغان قوناقتىن تەييارلانغان يەم ـ خەشەكنى كالىلارغا بەرگەندە ھەزىم قىلىش ناچارلاش، كۆشەش ئازلاش ياكى توختاش، كۆز قارىچۇقى قىزىرىش، شىللىق پەردىلەر سارغىيىش، ئىچى سۈرۈش، ئورۇقلاش، بەزى كالىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى قالايمىقانلىشىش، غىدىقلىنىش ۋە ئىنكاس ئاستىلاش، ھەتتا ھوشسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، ئامباردا ساقلانغان قوناقنىڭ نەملىكىنى كونترول قىلىش، يەنى قوناقنىڭ سۇ تەركىبىنى 12.5% دىن تۆۋەن قىلىش، يېنىك دەرىجىدە كۆكەرگەن قوناقنى 10% لىك ھاك سۈيى ئېرىتمىسىگە چىلاپ زەھەرسىزلەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بېرىش كېرەك.

داۋالاشتا، ئالدى بىلەن سېغىن كالىلارغا سۈپىتى ئۆزگەرگەن يەم ـ خەشەكنى بېرىشنى توختىتىش، كېسەللەنگەن كالىلارغا ماگنىي سۇلفات (硫酸镁) تىن 400 ـ 600 گىرامنى مۇۋاپىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ

دۇ. تىنىقى، تېرىسى ۋە سۈيدۈكىدىن خۇددى سېسىق ئالما پۇرىقىدەك پۇراق چىقىدۇ.

3. دىياگنوز قويۇش: تېپىك كېسەللىك ئالامىتى ۋە سۈيدۈكتىكى كېتون مىقدارىنى ئۆلچەش نەتىجىسىگە قاراپ دىياگنوز قويۇلىدۇ.

4. ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش: بېقىش ـ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، قورۇ ـ قوتان قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، مۇۋاپىق مىقداردا سۈپەتلىك قۇرۇق ئوت ـ چۆپ تولۇقلاپ بېرىش، قىش پەسلىدە سىلوس، قىزىلچا، سەۋزە قاتارلىق شىرنىلىك يەم ـ خەشەكلەرنى تولۇقلاپ بېرىش كېرەك.

داۋالاشتا، جىگەرنى ئاسراش ئۈچۈن 25% لىك گىلىكوزا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى (葡萄糖注射液) دىن 50 ـ 100 مىللىلىتىر ۋېنا قان تومۇرىدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. جىگەردىكى ماي سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەم ـ خەشەككە ئۇدا بەش كۈن، كۈنىگە 15 گىرام ناترىي ئاتسېتات (醋酸钠) قوشۇپ بېرىلىدۇ. (02)

ئىچكۈزۈش، فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيىدىن 500 ـ 1000 مىللىلىتىرنى كالىلارغا ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش، 40% لىك ئاتروپىن (阿托品) دىن 50 مىللىلىتىرنى ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش كېرەك.

2. سۇپىتى ئۆزگەرگەن تاتلىق بەرەڭگىنى بېرىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللەر: سۇت كالىلىرى سۇپىتى ئۆزگەرگەن تاتلىق بەرەڭگىنى يېگەندە زەھەرلىنىپ روھى سۇسلىشىدۇ، كۆشەش ئازلايدۇ ياكى توختايدۇ، تېزەكلىمەيدۇ، نەپەس تېزلىشىدۇ ھەم قىيىنلىشىدۇ، ئېغىر بولغاندا ھوشسىزلىنىدۇ، تارتىشىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، سۇپىتى ئۆزگەرگەن تاتلىق بەرەڭگىنى بەرمەسلىك كېرەك. داۋالاشتا، بۇزۇلغان بەرەڭگىنى بېرىشنى توختىتىپ، كېسەل مالغا خام ماش ۋە ھەسەلنىڭ ھەرقايسىسىدىن 500 گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بىر قېتىمدا ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى 0.1% ـ 0.2% لىك كالىي پىرمانگىنات (高锰酸钾) تىن 2000 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت كۆرۈلگەندە، 400 ـ 600 گىرام ماگنىي سۇلفات مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 25% لىك گىلىكوزىدىن 500 ـ 1000 مىللىلىتىر، 10% لىك كوففېيىن ناترىي بېنزوئات (安钠咖) تىن 10 مىللىلىتىر، 5% لىك ناترىي بى كاربوناتتىن 250 ـ 500 مىللىلىتىر ئېلىپ ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ.

3. سۇپىتى ئۆزگەرگەن يېسىۋىلەكنى بېرىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللەر: يېسىۋىلەك تەركىبىدە نىترات بار بولۇپ، سۇپىتى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاسانلا ئوكسىدلىنىپ نىترات كىسلاتاسىغا ئۆزگىرىدۇ، بۇ ماللارنى ئاسانلا زەھەرلەيدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا سۇپىتى ئۆزگەرگەن يېسىۋىلەك بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. داۋالاشتا، يېنىك دەرىجىدە زەھەرلەنگەن بولسا 5 ـ 7 تال تۇخۇمنىڭ ئېقى ياكى 500 گىرام كالا سۇتىنى ئىچكۈزۈش، ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلەنگەندە 5% لىك گىلىكوزىدىن 1000 مىللىلىتىرغا 10% لىك كوففېئىن ناترىي بېنزوئاتتىن 20 مىللىلىتىر ئارىلاشتۇرۇپ ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش لازىم. (02)

# چارۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

كېرەم بارات

(كورلا شەھىرى تاشدەن بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

1. 100 مىللىلىتىر سۇغا 50 گىرام ئاشتۇزى ئارىلاشتۇرۇپ، 50% لىك ئاشتۇزى ئېرىتمىسى تەييارلاپ، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، چوڭ قېرىنغا ئوزۇق تىقىلىش، ئالدىنقى قېرىن بوشىشىش، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلگەن قويلارغا 100 ـ 200 مىللىلىتىر، كالىلارغا 300 ـ500 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ خىل ئاش تۇزى ئېرىتمىسىنى ئات، ئېشەك، قوي، كالا، ئۆچكىلەردىكى تاشقى جاراھەتلەرنى دېزىنفېكسىيەلەشكە، چارۋىلاردىكى كۆز ياشاڭغۇراش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، مۈڭگۈزلۈك پەردە ياللۇغى، كۆز قۇرتى قاتارلىقلارغا كۆنگە ئىككى قېتىم سۈرۈش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2. ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلاردا سوغۇقتىن ئىچى سۈرۈش، مۈزلىغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يەملەرنى يېيىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان قورساق كۆپۈش، ئوزۇقلۇق ماددىلار ئاشقازانغا تىقىلىش، تىترەش، يېنىك سانجىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە دەرھال 200 مىللىلىتىر چاينى مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇدا 10 مىنۇت دۈملىگەندىن كېيىن، ئېغىز كۆيمىگىدەك ھالەتكە كەلگەندە ئىچكۈزسە ئاغرىقنى توختىتىپ تىنچلاندۇرىدۇ.

3. سودا كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، بەزىدە مالدوختۇرلۇق كىلىنىكىسىدا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئات، كالا، قويلاردا ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، قۇسۇش، كېكىرىش، قورساق غولدۇرلاش ۋە ئوزۇقلىنىشتىن زەھەرلىنىشنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى كۆرۈلگەندە % 30لىك سودا ئېرىتمىسى تەييارلاپ، چوڭ چارۋىلارغا 500ـ 1000 مىللىلىتىر، كىچىك چارۋىلارغا 100 ـ 200 مىللىلىتىر ئىچكۈزسە ساقىيىش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولىدۇ. (02)

# زەنجىۋىلنىڭ مالدوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىشى

ئابلىمىت ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

زەنجىۋىلنىڭ تەبىئىيىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي ۋە ئامىنو كىسلاتاسى، كىراخمال، سېللىيۇلوزا ۋە سىمولا قاتارلىق دورىلىق قىممىتى يۇقىرى تەركىبلەر بار. ئۇ ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل يوقىتىش، ئاغرىقنى پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، شىللىق پەردىلەرگە چۈشكەن سىرىقنى يوقىتىش، مىكروبلارنى تورمۇزلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مالدوختۇرلۇق كىلىنىكىسىدا زەنجىۋىل يېڭى پېتى ياكى قۇرۇتۇپ بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

1. ھەزىم ناچارلىشىشنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا زەنجىۋىلدىن 200 گىرام قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تازىلانغان شوردىن 80 ـ 120 گىرام قوشۇپ، سۈيىنى چوڭ چارۋىلارغا 200 ـ 300 مىللىلىتىردىن، كىچىك چارۋىلارغا 60 ـ 100 مىللىلىتىردىن كۈنىگە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 كۈن ئىچكۈزسە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ.

2. ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 200 گىرام زەنجىۋىل، 50 گىرام ھېلىلە، 50 گىرام رەۋەن (大黄) ۋە 10 گىرام ئانار پوستىنى قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى چوڭ چارۋىلارغا 500 ـ 1000 مىللىلىتىردىن، كىچىك چارۋىلارغا 200 ـ 300 مىللىلىتىردىن كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 كۈن ئىچكۈزسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

3. رېماتىزىملىق بوغۇم ياللۇغى ۋە مۇسكۇل رېماتىزىمنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 100 گىرام زەنجىۋىل، 20 ـ 30 گىرام سۆرۈنجان (秋水仙)، 50 گىرام قارىمۇچ قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا زىغىر مېيىدىن 100 مىللىلىتىر قوشۇپ ئات، ئېشەكلەرنىڭ كېسەللەنگەن پۇتىغا كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئۇدا بىر ھەپتە سۈرسە، جايلىق ئورۇننىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، تېز لا ساقىيىدۇ.

4. سوغۇق تېگىشتىن بولغان زۇكام ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا يېڭى زەنجىۋىلدىن 200 گىرام، ئۆرۈك مېغىزىدىن 100 گىرام، چاكانادىن 10 گىرام، چۈچۈكبۇيادىن 50 گىرام قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا 200 گىرام ئاق شېكەر قوشۇپ، سۈيىنى چوڭ چارۋىلارغا 400 ـ 500 مىللىلىتىر، كىچىك چارۋىلارغا 100 ـ 150 مىللىلىتىردىن كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا 3 ـ 5 كۈن ئىچكۈزسە تېز لا ساقىيىدۇ.

5. چارۋىلاردىكى ھەر خىل زەخىمدىن بولغان جاراھەتنى داۋالاش: ئەگەر جاراھەت ئورنى يۇقۇملىنىپ يىرىڭدىغان بولسا، ئاۋۋال 5% ـ 10% لىك ئاش تۇزى ئېرىتمىسى ياكى 2% ـ 3% لىك زەمچە سۈيى (明矾水) بىلەن جايلىق ئورۇننى پاكىزە يۇيۇپ تازىلاپ، ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردىكى يېڭى زەنجىۋىلنى يانچىپ شىرنىسىنى چىقىرىپ، جاراھەتكە كۈندە بىر قانچە قېتىمدىن ئۇدا بىر نەچچە كۈن سۈرسە تېز لا ساقىيىدۇ.

6. چىشى ماللاردىكى ئادەت خاراكتېرلىك بالا تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئې-لىش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا تەڭ مىقداردا زەنجىۋىل، رەيھان، قالقاز-گۈل، پىششىق ئەگرى سوناي قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى چوڭ چارۋىلارغا 500 ـ 1000 مىللىلىتىر، كىچىك چارۋىلار-غا 200~300 مىللىلىتىردىن ئۇدا بىر ھەپتە ئىچكۈزسە، تەن ئاجىزلى-قىدىن بولغان تۆرەلمە تەۋرەپ كېتىشنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

7. چارۋا ـ ماللاردىكى زەھەرلىنىشنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا تەڭ مىقداردا زەنجىۋىل، چۈچۈكبۇيا، ماش قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى چوڭ چارۋىلارغا 500~1000 مىللىلىتىردىن، كىچىك چارۋىلارغا 300~400 مىللىلىتىردىن كۈندە ئىككى قېتىمدىن، ئۇدا 1 ـ 2 كۈن ئىچكۈزسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

8. ئات، ئېشەكلەرنىڭ سوغۇق تېگىشتىن بولغان ئۆچەي سانجىقى ۋە تۇ-ياقلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 200 گىرام زەنجىۋىل، 50 گىرام ئارپا بىدىيان، 50 گىرام سامساق قوشۇپ قاي-نىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا 200 گىرام قارا شېكەر قوشۇپ، سۈيىنى ئات، ئېشەكلەرگە 500 ـ 1000 مىللىلىتىردىن كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا بىر قانچە كۈن ئىچكۈزسە تېز لا ساقىيىدۇ.

9. ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغىدىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ سىيەلمەسلىكنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 200 گىرام زەنجىۋىل، 50 گىرام چىنجياۋ يىلتىزى (秦艽)، 100 گىرام ئاق ئۈجمە قوۋزىقى، 30 گىرام لىپەكگۈل قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى ئات، ئېشەكلەرگە 500 ـ 1000 مىللىلىتىردىن كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا بىر ھەپتە ئىچكۈزسە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، بۆرەك ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

10. چارۋا ـ ماللارنىڭ چوڭ قېرىنىنىڭ گازلىق كۆپىشىنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 200 گىرام زەنجىۋىل، 100 گىرام سامساق قوشۇپ قاي-

(ئاخىرى 59 ـ بەتتە)

# كالا، قويلارنى تېز بورداشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

گۈلنىساخان سايىت
(كورلا شەھىرى لەنگەر يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

رايونىمىزدا بورداقچىلىق كەسپى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، لېكىن بورداقچىلىق كەسپى بىلەن شوغۇللانغۇچىلار، بورىدىلىدىغان چارۋا ـ ماللارنى ياخشى تاللاپ، تورلۇك يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسە، ئاندىن مەلۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

بورداش دېگەنلىك ــ چارۋا ـ ماللارنىڭ ھاياتىنى ساقلاش ئوزۇقىدىن باشقا، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھايۋان تېنىگە توپلاپ، ئۇنى گۆش، مايغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. چارۋا ـ ماللارنى بورداش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بوردۇلىدىغان ماللارنى ياخشى تاللاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى شۇ يىل تۇغۇلغان ساغلام ماللارنى تاللاش ھەم بورداشتىن ئىلگىرى ئىچكى ۋە تاشقى پارازىت قۇرتلارنى يوقۇتۇش كېرەك. ئادەتتە بوردۇلىدىغان چارۋا ـ ماللارنىڭ يېشى، ئېغىرلىقى، ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بوردىلىدىغان ھايۋانلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ بورداش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

ياش ماللار ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، بوردىغاندا ئەت ئېلىش سۈرئىتى تېز بولۇپ، ئاساسەن قارا گۆشى كۆپىيىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئوزۇق نورمىسىدا ئېنېرگىيەلىك ماددىلاردىن باشقا، ئاقسىل مىقدارى يوقىرى يەم ـ خەشەكلەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئەگەر ئېنېرگىيە كۆپ، ئاقسىل مىقدارى ئاز بولسا، ئۇلار خېلى ياخشى ئەت ئالغان بىلەن، بەدىنىنىڭ يۇشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. يېتىلگەن ماللار ئۆسۈشتىن توختىغاچقا، ئاساسەن ماي يىغىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوزۇق نورمىسىدا كاربون ـ سۇ بىرىكمىلىرى، ئېنېرگىيەلىك ماددىلار مول بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئادەتتە كالىلارنى تەلەپكە لايىق بورداش ئۈچۈن ئىككى ئايدىن ئىككى يېرىم ئايغىچە، قويلارغا بىر يېرىم ئايدىن ئۈچ ئايغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا بورداقچىلىق كەسپىي ئائىلىلەرى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى ھەم بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ماللارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ بورداش كېرەك.

كالا بورداش ئۇسۇلى موزاينى بورداش ۋە ئورۇق كالىنى بورداشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. موزاينى بورداشتا موزاي سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بورداش باسقۇچىغا كىرگۈزۈلۈپ تاكى قولدىن چىقارغۇچە ئىزچىل بوردىلىدۇ. موزايلار ئاساسەن سىلوس، ئاممىياكلاشتۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ۋە يىرىك ئوزۇقلار بىلەن بوردالسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئورۇق كالىنى بورداشتا، قىسقا ۋاقىتتا تېز بورداش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك (ئورۇق كالا 120 كۈن ئەتراپىدا تېز بوردىلىدۇ.) بۇنىڭدا ئاۋال ئورۇق كالا قۇرۇتسىزلاندۇرلۇپ، يىرىك يەم ـ خەشەكلەر بىلەن بېقىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كالىغا بېرىلىدىغان كۆندىلىك يەم ـ بوغۇز مىقدارى دەسلەپكى 15 كۈن ئىچىدە 0.5 كىلوگرامدىن 2 كىلوگىرامغا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 45 كۈن ئىچىدە (يەنى 60 كۈن بولغاندا) سەككىز كىلوگىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى كۈندىلىك ئوزۇق نورمىسىدا ئاقسىل %11، يەم ـ بوغۇز بىلەن يەم ـ خەشەك نىسبىتى 6 : 4 بولسا، يەم ـ بوغۇز تەركىبىدە كوممىقوناق %70 نى، كۈنجىرە %20 نى ئىگىلىسە، تۇز 20 گىرام بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ 60 كۈن ئىچىدە كالىنىڭ تەن ئېغىرلىقى ھەر كۈنى تەخمىنەن 1.3 كىلوگىرامدىن ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەم ـ بوغۇز مىقدارىنى تەدرىجى ئاشۇرۇپ، كېيىنكى 60 كۈن ئىچىدە 10 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ. كۈندىلىك ئوزۇق نورمۇسىدىكى ئاقسىل %10 تۆۋەنلىتىلىدۇ. يەم ـ بوغۇز بىلەن يىرىك يەم ـ خەشەك نىسبىتى 7: 3 گە چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ 60 كۈن ئىچىدە يەم ـ بوغۇز تەركىبىدە كوممىقوناق %85 نى، كۈنجۈرە %10 نى، كېپەك %5 نى ئىگىلىسە، تۇز 30 گىرام بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئاخىرقى 60 كۈن ئىچىدە كالىنىڭ تەن ئېغىرلىقى ھەر كۈنى تەخمىنەن 1.5 كىلوگىرامدىن ئېشىپ بارىدۇ.

# قىسىر مەزگىلدىكى كالىلارنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

قۇربانبۇۋى دۈيشىماخۇن
(ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمىتى يېزا چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

كالىلارنىڭ قىسىر (سۈتسىز) مەزگىلى ـــ ئالدىنقى مەزگىلى (305 ـ 345 كۈن) ۋە ئاخىرقى مەزگىلى (345 ـ 365 كۈن) دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كېيىنكى يىلى سۈت كالا باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى بېقىپ باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. قىسىر مەزگىلدىكى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە باشقۇرۇش، تۆرەلمىنىڭ تولۇق ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تۇغۇلۇش ئېغىرلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى موزاينىڭ تەخمىنەن%90 تۇغۇلۇش ئېغىرلىقى بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ %40 ۋاقتىدا تاماملىنىدۇ.

2. قىسىر مەزگىلىنىڭ دەسلەپىدە مۇۋاپىق بەدەن ئەھۋالى بولۇشى ھەم بۇ خىل ئەھۋال پۈتۈن قىسىر مەزگىلىدە ساقلىنىشى، ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. قىسىر مەزگىلىدە سەمرىپ كەتسە ياكى كۆندىلىك ئېغىرلىق قوشۇلۇشى تېز بولۇپ كەتسە، ناھايىتى ئوڭايلا قىيىن تۇغۇت ۋە ماددا ئالمىشىش كېسەللىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: چىللە قىزىتمىسى(热产褥) ۋە كېتون كېسەلى (酮病) قاتارلىقلار. ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا تۇغۇلغان موزاينىڭ تېنى ئاجىز بولىدۇ ياكى قىسىر مەزگىلدە

---

بوردىلىدىغان ماللارغا، ياخشى بېقىش بىلەن بىرگە ياخشى مۇھىت شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەم ـ خەشەكنى سۈپەتلىك قىلىپلا قالماي، قوتاننىڭ يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، قىش پەسلىدە بوردىغان كالا، قويلارنى ئىمكانقەدەر ئىلمان سۇ بىلەن سۇغۇرۇش، تەركىبىدە فىنول بولغان چىگىت قاسىرىقى ۋە چىگىت كۇنجۇرسىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىش، يەم ـ خەشەك تۈرىنىڭ كۆپ خىل ۋە تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، قورۇ ـ قوتاننى قەرەللىك ھالدا دېزىنفېكسىيەلەش ھەمدە ۋاقتىدا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى ئەملەپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (02)

كالىنىڭ ئىغىرلىقى تۆۋەنلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، بۇ تۆرەلمە چوشۇپ كېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى، كۆپىيىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. قىسىر مەزگىلىدىكى كالىلار بىلەن سۈت بېرىش مەزگىلىدىكى كالىلارنى ئايرىپ بېقىش ھەمدە قىسىر كالىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلۇقى بىلەن بېقىش لازىم.

4. تەلەپكە ئاساسەن تۇغۇشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن كۈندىلىك يېمىگە ۋىتامىن A، ۋىتامىن D، ۋە ۋىتامىن E لارنى قوشۇپ، كۈندە يېتەرلىك ھەرىكەت قىلدۇرۇش لازىم.

5. قىسىر مەزگىلىدىكى كالىلارنىڭ كۈندىلىك يېمىدىكى مىنېرال ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بولۇپمۇ ۋىتامىن E، ۋىتامىن D، ۋىتامىن A نى تەلەپتىكىدىن ئىككى ھەسسىگە يەتكۈزۈش، تۆمۈر، مىس، مانگان، سىنكنى 1.5 ھەسسىگە يەتكۈزۈش، بېرىلىدىغان سېلېننىڭ مىقدارىنى ھەر كۈنى ئالتە مىللىگرامغا يەتكۈزۈش كېرەك.

6. بەزى ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى پەقەت ئانالىز نەتىجىسىنىڭ يېرىمچىلىك بولىدۇ. قىسىر مەزگىلدىكى كالىلارنىڭ ئوزۇقلۇق رېتسىپىدىكى يىرىك ئاقسىل سەۋىيەسىنى چوقۇم ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 12% ـ 13% گە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر 15% گە يەتكۈزۈلسە موزاينىڭ ئەي بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئاشقازاندىكى ۋىتامىنلارغىمۇ ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ياكى ئاقسىلنىڭ كەمچىل بولۇشى موزايلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ئەي بولۇشنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

7. قىسىر مەزگىلنىڭ ئالدىنقى باشقۇچىدا ئوت ـ چۆپ بېرىش مىقتارىنى ئوتتۇراھال ئوزۇقلىنىش سەۋىيەسىدە ساقلاش لازىم. بوغۇز مىقدارى تەن ئېغىرلىغىنىڭ 0.6%ـ0.8% بويىچە (3ـ4 كىلوگىرام) بولسا بولىدۇ. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كالا ۋە تېنى ئورۇق كالىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئەلا سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ، بوغۇز كۆپەيتىپ بېرىش لازىم.

8. ئاخىرقى مەزگىلدە كۈندىلىك يېمىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئاقسىلنى كۆپەيتىپ بېرىپ، تۆۋەن كالتسىي سەۋىيەلىك بېقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇقىرى كالتسىيلىق يەم ياكى مەنپى تۇز ئىيوننى قوشۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

# ئىنەكلەردىكى بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى كېسىلى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى

ئۆمەرجان مەمەت توختى
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

ئىنەكلەردىكى بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى كېسىلى كۆپىنچە قىيىن تۇغۇت ، تۇغۇتتىن كېيىن ھەمرىيى چۈشمەسلىك ۋە ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن پەيدا بولىدىغان كۆپىيىش ئورگانلىرى كېسەللىكى بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىك گەرچە ئىنەكلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالىسىمۇ، ئەمما قايتا ئۇرۇقلاندۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇرۇقلانماسلىق ياكى بوغاز بولغان بەزى ئىنەكلەردە بالا تاشلاشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ ، مال ئىگىسىگە مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي زىيان سالىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللەنگەن ئىنەكلەردە دەسلەپتە جىنسىي يولىدىن ئاق رەڭلىك ياكى سۇزۇك دۇغسىمان سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ يۇقىرىقى ئالامەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، قىسمەن، يېنىك كېسەللەنگەن ئىنەكلەردە كۆيلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئۇرۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن بوغاز بولىدۇ، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بالا تاشلاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. توغرا ئۈچەيدىن قول سېلىپ تەكشۈرگەندە، بۇ خىل كېسەل بىلەن كېسەللەنگەن ئىنەكلەردە بالىياتقۇ بويىنى تومپايغان، ماتكا قاتتىق، ماتكا مۈڭگۈزى بىر ئاز زورايغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل كېسەل بىلەن كېسەللەنگەن ئىنەكلەرنى ۋاقتىدا داۋالاپ ساقايتىش زۆرۈر.

**2. داۋالاش ئۇسۇلى:** ئالدى بىلەن كېسەللەنگەن ئىنەكنىڭ بالىياتقۇسىنى 0.001% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسى (高锰酸钾) بىلەن ئىككى قېتىم يۇيۇغاندىن كېيىن، خاياۋجىنتوۋباۋ (哈药金头孢) دىن 1 ـ 3 گىرامنى، 50 مىللىلىتىر 0.9% لىك ناترىي خلور ئېرىتمىسى (氯化钠注射液) دە ئېرىتىپ، 30℃ ـ 35℃ ئىسسىتقاندىن كېيىن، بالىياتقۇغا ماڭغۇزۇش ياكى 300 تۈمەن خەلقئارا بىرلىك پىروكايىنلىق مايلىق پېنىتسىللىن (油剂青霉素) دىن بىر تالنى ئىسسىتىپ، بالىياتقۇغا ماڭغۇزۇش كېرەك. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ۋاقتىدا داۋالىسا 3 ـ 5 كۈندە تەلتۆكۈس ساقىيىدۇ. بىر كۆيلەش مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئاندىن ئۇرۇقلاندۇرسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# خامان مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

توختاخۇن مەرۇپ
(غۇلجا ناھىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)

1. تىراكتورچى ۋە مەشغۇلاتچىلارنىڭ تاماكا چېكىشى بىر دەك چەكلىنىدۇ، سەرەڭگە، چاقماق ياكى باشقا يېقىلغۇ بۇيۇملىرىنى خاماندا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ، خاماننى گۈلخاندا يېقىپ يورۇتۇشقا بولمايدۇ.

2. ئوت ئالدۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن ۋە ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن، ئاپتۇللارنى خامان ئىچىدە ساقلاشقا بولمايدۇ، ۋاقىتلىق ساقلاش زۆرۈر بولسا خاماندىن 50 مېتىر يىراق قويۇش لازىم.

3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىس كانىيىغا ئۇچقۇن يىغقۇچ ياكى باشقا شەكىلدىكى بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگۈزۈلۈشى لازىم، ئىس كانىيى بولمىغان ئەھۋالدا مەشغۇلات قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

4. مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتچىلاردىن سىرت، كىچىك بالا، قېرى، مېيىپلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ خامانغا كىرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

5. كېچىسى مەشغۇلات قىلغاندا ھەر خىل سىگنال چىراغلىرى تولۇق ياندۇرۇلۇشى لازىم.

6. بارلىق خادىملارنىڭ خامان يېنىدا، سامان ئۈستىدە يېتىشىغا ياكى دەم ئېلىشىغا بولمايدۇ.

7. تىراكتور ۋە دان ئايرىش ماشىنىسىنى مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل رېمونتلاش، ئاسراش ۋە سىناپ ئايلاندۇرۇش، ھەرقايسى ئىش بۆلەكلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە سىلىقلاش لازىم.

8. تىراكتورنى ھەيدەشتىن بۇرۇن زۆرۈر بولغان ئالاقىلىشىش سىگنالىنى ئالدىنئالا بەلگىلەش، ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئورتاق ئەمەل قىلىش لازىم. دان ئايرىش ماشىنىسىغا ئۇنچە يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرنى مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن، بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەپ، مەشىق قىلدۇرۇپ، مەشغۇلاتقا قاتناشتۇرۇش كېرەك.

9. مەشغۇلات قىلغاندا ھەر كىم ئېھتىيات بىلەن ئۆز ئىشىنى ئەستايىدىل، پۇختا قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

10. دېھقانلارنىڭ خامانلىرى بىلەن ئاشخانا ئارىلىقىدا بەلگىلىك ئارىلىق بولۇش ھەمدە شامال يۆنىلىشىگە دىققەت قىلىش، مورا يېنىدا شامال يۆنىلىشىدە مەشغۇلات قىلماسلىق لازىم.

11. ئادەتتە خاماندا سۇ، قۇم قاتارلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاپ، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. (02)

# دان ئايرىش مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

تۇرغۇن تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

1. ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ماشىنىلارنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى، قويۇلۇشى، توغرا، مۇستەھكەم، ئىشەنچلىك بولۇشى لازىم. ئادەتتە دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئەسلىي بېكىتىلگەن ئايلىنىش سۈرئىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

2. مەشغۇلات جەريانىدا زېھنىنى مەركەزلەشتۇرۇپ، ئايلىنىش سۈرئىتىگە يەتكەندىن كېيىن ئۇنچە يوللاش لازىم. ئۇنچىنى تەكشى، ئۇزۇلدۇرمەي يوللاپ بېرىش لازىم. ئوك - سول ئىككى تەرەپتىن ياكى تۆمۈر ئارا، تاياق - توقماق بىلەن ئىتتىرىپ يوللىماسلىق، قاتتىق نەرسىلەرنىڭ تولۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. ئادەتتە قول بىخەتەرلىك سىزىقىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ۋە ئادەم بەدىنى ئايلىنىۋاتقان زاپچاسقا تېگىپ كەتمەسلىك لازىم.

4. دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئۇنچە يوللاش سۇپىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئۇزۇنلۇقى يېتەرلىك (80 سانتىمېتىردىن كەم بولماسلىقى) بولۇشى، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇتام ئۇنچىنى يوللاشتا بىر تۇتام پاخالنى قوشۇپ يوللاش لازىم.

5. ھەربىر ئىسمېنىدا تولۇقنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتىنى تۆت قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىش، بولۇپمۇ تولۇقنىڭ بولتىلىرىغا دىققەت قىلىش، بوشاپ كەتكەن بولسا ۋاقتىدا چىڭىتىش بۇزۇلغان بولسا ۋاقتىدا يەڭگۈشلەش لازىم. ئۆلچەمگە توشمايدىغان زاپچاسلارنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

6. مەشغۇلات مەيدانى ئېچىدىكى بارلىق قورال - جابدۇقلارنى بەلگىلەنگەن جايغا قويۇش، ئۇ يەر بۇ يەرگە قالايمىقان تاشلىماسلىق لازىم.

7. تىراكتورغا تاشنى تولۇق چېتىپ خامان تەپكەندە، تولۇقنى تۆمۈر جازا بىلەن چېتىش لازىم. يۇقىرى سۈرئەتتە مەشغۇلات قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇنچە ئۆرگەندە خامان تېپىش ماشىنا - سايمانلىرىنى خامانغا كەلسە - كەلمەس تاشلاپ قويۇشقا، بىر تەرەپتىن تېگىنى ئۆرۈپ، بىر تەرەپتىن خامان تېپىشكە بولمايدۇ.

8. مەشغۇلات قاتنىشىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ ئىس چىقىرىش كانىيى يۇقىرىغا قارىتىلىشى ھەمدە ئوتتىن ساقلىنىش قالپىقى كىيگۈزۈلۈشى لازىم. ئادەتتە ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان زىرائەت غوللىرىنى ۋاقتىدا تازىلاش لازىم.

# يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك

ئەلى ئۆمەر
(پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېتەكچى كەسىپلەر ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك قىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە، يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى بارلىققا كېلىپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يېزىلاردىكى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، كەسپىي جەمئىيەتلەر، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئورۇنلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تەشكىلاتلاردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. دېھقانلار ھۆددىگەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا ئۆزى خالاپ قاتنىشىپ، قانۇن بويىچە رويخەتكە ئالدۇرۇپ، ئۆزى ئىگىلىك قىلىپ، دېموكراتىك باشقۇرىدۇ. نۆۋەتتە يېزىلاردا قۇرۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار: بۇ باشلامچى كارخانا ياكى شىركەت، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلات، يەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلات بولۇپ، باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، يەر ۋە بازار ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تىجارەتنى يۈرۈشلەشتۈرىدۇ، مەھسۇلاتلارنى باشلامچى كارخانا ياكى شىركەت سېتىۋالىدۇ.

2. يېزىلاردىكى قابىل كىشىلەرنىڭ ئىگىلىك يارىتىشى ئارقىسىدا شە-

---

9. يېزىلاردا توكنى بىخەتەر ئىشلىتىشكە دائىر بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، خامان ئىچىدىكى ئېنېرگىيە ۋە يورۇتۇش توك سىملىرىنى پۇختا ئۇلاش، ئېگىز جازىغا ئېلىش لازىم. توك قاچىدىغان ياكى توك ئۇچقۇندايدىغان ئەھۋاللار بولماسلىقى كېرەك، يەر بويلىتىپ سىم تارتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ.

10. دان ئايرىشتا، خاماندا ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابلىرى ھازىرلانغان بولۇشى لازىم. خاماندا بېنزىن، كىرسىن ۋە دىزېلىن قاتارلىق ئاسان ئوت ئالىدىغان يېقىلغۇلارنى قويۇش مەنئىي قىلىنىدۇ. (02)

كىللەنگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار: بۇ يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر، قول - ھۈنەرۋەنلەر باشلامچى بولۇپ، دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بولۇپ، قابىل كىشىلەرنىڭ ئىگىلىك قىلىش، باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ۋە مەبلىغىگە تايىنىپ، دېھقانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كەسپىنى زورايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

3. يېزا كوللېكتىپ تەشكىلاتى ھەمكارلىقىدا قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار: بۇ يېزا كوللېكتىپ تەشكىلاتى دېھقانلارنى تەشكىللەپ قۇرغان ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلات بولۇپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ تەشكىللەش، يېتەكلەش رولىدىن پايدىلىنىپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىگىلىكنى زورايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

4. خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار: بۇ خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ باشچىلىقىدا ئالاھىدە كەسىپلەر تەرەققىياتىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار بولۇپ، دېھقانلارنى تەشكىللەپ، تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاھىدە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ.

يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىشىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تىجارەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئورتاق بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلار تېخى گۆدەك، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئەسلىھەلىرى ناچار، تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، ئىگىلىك قىلىش تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ئەمەلىي يېتەكلىشىگە تولىمۇ موھتاج. شۇڭا ھەرقايسى جايلار يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلاردا كۆرۈلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قوللاش ۋە يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا يېزا ئىقتىسادىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار نىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**46 - ماددا** ئاياللارغا ئائىلىدە زۇلۇم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. دۆلەت تەدبىر قوللىنىپ، ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى توسىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق تارماقلار، شۇنىڭدەك شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى توسۇشى، زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللارغا قانۇن بويىچە ياردەم بېرىشى كېرەك.

**47 - ماددا** ئاياللار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەر - ئاياللىق ئورتاق مال - مۈلكىدە ئېرى بىلەن باراۋەر ئىگىلەش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ كىرىم ئەھۋالىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەر - ئايال نىكاھ مۇناسىۋىتى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ھەركىمنىڭ تاپقىنى ئۆزىگە تەۋە دەپ يازما پۈتۈشكەن بولسىمۇ، ئايال بالىنى بېقىپ تەربىيىلەش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، ئېرىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىش قاتارلىقلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسا، ئاجرىشقاندا ئەردىن تولۇقلىما تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**48 - ماددا** ئەر - ئايالنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى ئۆينى ئۇلار ئاجرىشقاندا كېلىشىم بويىچە بۆلۈشىدۇ، كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، پەرزەنتلەرنىڭ ۋە ئايالنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەر - ئايال ئايرىم پۈتۈشكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ئەر - ئايال ئورتاق ئۆي ئىجارە ئالغان بولسا، ئۇلار ئاجرىشقاندا، ئايالنىڭ تۇرالغۇسىنى پەرزەنتلەرنىڭ ۋە ئايالنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىش كېرەك.

**49 - ماددا** ئاتا - ئانا قۇرامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلىرىگە ۋەسىيلىك قىلىشتا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. (05)

# كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقلىرىنى ئازايتىش تەدبىرلىرى

تۇرسۇنئاي تۇرغۇن
(«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېۋە تەتقىقات مەركىزىدىن)

1. كۆكتاتلار ئاساسلىقى ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات يوقاتقۇچى دورىلاردىن بەكرەك بۇلغىنىدۇ. ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات يوقاتقۇچى دورىلار سۇدا تەستە ئېرىيدۇ، كۆكتاتنى سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇپ ئاندىن سۇغا چىلىغاندا بىر قىسىم دورا قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. سۇدا يۇيۇش كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى باشقا بۇلغانمىلار ۋە دورا قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولسىمۇ، يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار، مەسىلەن: پالەك، كۈدە، يازلىق يېسىۋىلەك قاتارلىقلارغا ماس كېلىدۇ. كۆكتاتلارنى سۇدا قايتا - قايتا يۇيۇپ، بۇلغانمىلارنى

(بېشى 48 - بەتتە)

نىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاچچىقسۇدىن 500 مىللىلىتىر قوشۇپ، سۇيىنى چوڭ چارۋىلارغا 1500 - 2000 مىللىلىتىردىن، كىچىك چارۋىلارغا 400 - 800 مىللىلىتىردىن بىر قېتىملا ئىچكۈزسە تېزلا ساقىيىدۇ.

11. چارۋا - ماللارنىڭ قوتور كېسىلىنى داۋالاش: 100 گىرام يۇمشاق سوقۇلغان زەنجىۋىل پاراشوكى بىلەن 20 گىرام گۈڭگۈرت پاراشوكىنى 200 مىللىلىتىر كۈنجۈت مېيىغا قوشۇپ قىزدۇرۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن قوتور بولغان ئورۇنغا كۈنىگە بىر قېتىمدىن، ئۇدا بىر قانچە قېتىم سۇرۇپ قويسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

12. كالا، ئات ۋە ئېشەكلەردىكى كۆكرەك پەردە ياللۇغى سەۋەبلىك قورساق قىسمىغا سۇ چۈشۈشنى داۋالاش: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا 100 گىرام زەنجىۋىل، 50 گىرام قارىدان، 50 گىرام ياۋا كەشمىر، 2 - 3 تال غول پىياز قوشۇپ قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۇيىنى كۈندە بىر قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا 300 - 500 مىللىلىتىردىن بىر ھەپتە ئىچكۈزسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

13. چارۋا ماللارغا ئىسسىق ئۆتۈشنى داۋالاش: ئىككى لىتىر سۇغا 200 گىرام زەنجىۋىل ۋە 100 گىرام كۆك پۇرچاق قوشۇپ، بىر لىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، سۇيىنى ئات - ئېشەكلەرگە 300 مىللىلىتىردىن، كالىغا 400 مىللىلىتىردىن، قوي - ئۆچكىلەرگە 100 - 150 مىللىلىتىردىن ئۇدا 2 - 3 كۈن ئىچكۈزسە تېزلا ساقىيىدۇ. (02)

چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن سۈزۈك سۇغا 15 مىنۇت چىلىغاندىن كېيىن، يەنە سۇنى ئېقىتىپ ئىككى قېتىم يۇيسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى يۇيۇش دورىسى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئېرىپ چىقىشىنى تېزلىتىدۇ، يۇيغاندا مېۋە ۋە كۆكتات يۇيۇش دورىسىنى مۇۋاپىق ئاز مىقداردا ئىشلىتىش كېرەك.

2. ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات يوقاتقۇچى دورىلار ئىشقارلىق شارائىتتا تېز سۈرئەتتە پارچىلىنىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى پاكىز يۇيۇپ، تۇزلۇق سۇ (ئادەتتە 500 گىرام سۇغا 5 ـ 10 گىرام تۇز قوشۇلىدۇ) غا 5 ـ 15 مىنۇت چىلاپ، ئاندىن سۈزۈك سۇدا 3 ـ 5 قېتىم يۇيسا بولىدۇ.

3. كۆكتات ۋە مېۋىنىڭ سىرتقى پوستىدا دېھقانچىلىق دورا قالدۇقى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ، شۇڭا پوستىنى سويۇۋېتىش ئارقىلىق دورا قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. ئالما، نەشپۈت، مايمۇن شاپتۇلى، تەرخەمەك، سەۋزە، تەكىيە كاۋا، چاقما كاۋا، قورۇما كاۋىسى، پېدىگەن، تورۇپ قاتارلىقلارنىڭ پوستىنى سويىۋېتىپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

4. كۆكتات ۋە مېۋىلەر بەلگىلىك ۋاقىت ساقلانغاندا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇق مىقدارى بىرقەدەر ئازىيىدۇ. چاقما كاۋا، تەكىيە كاۋا قاتارلىقلار ئاسان سېسىمايدىغان كۆكتاتلار بولۇپ، ئادەتتە 15 كۈندىن ئارتۇق ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى ئۈزۈلگەن، پوستى سويىۋېتىلىدىغان مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى دەرھال ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك.

5. كاربامىن كىسلاتا ئېستېرى تۈرىدىكى ھاشارات يوقىتىش دورىلىرى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، پارچىلىنىشى تېزلىشىدۇ. شۇڭا باشقا ئۇسۇللار بىلەن چىقىرىۋېتىش تەسرەك بولغان كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى بىر قىسىم دورا قالدۇقلىرىنى قىزىتىش ئارقىلىق چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل كەرەپشە، پالەك، يازلىق يېسىۋىلەك، قاتكۆك، كۆكمۇچ، چېچەكسەي، يېسىپۇرچاق قاتارلىقلارغا ماس كېلىدۇ. ئالدى بىلەن سۈزۈك سۇدا كۆكتات يۈزىدىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقلىرىنى يۇيۇپ، قايناق سۇغا 2 ـ 5 مىنۇت چىلاپ سۈزۈۋېلىپ، ئاندىن سۈزۈك سۇدا 1 ـ2 قېتىم چايقىۋەتسە بولىدۇ. (05)

يېزا ئىگىلىكىنى،
يېزا بىلەن دېھقانلار
مەسىلىسىنى ياخشى ھەل
قىلىش پۈتكۈل پارتىيە
خىزمىتىدىكى مۇھىم
ئىشلارنىڭ مۇھىمىدۇر

"مەركەزدىن سادا" نىيازكېرىم شەرقى

ئاقسۇ دەريا باشقارمىسىدىن تۇرسۇن قۇربان يازغان

# ئۇلۇغ پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 92 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!




2013-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «مېھرىبان ئانىلار، ساخاۋەتچى ئاتىلار» ۋەكىللىرى «مىگيول» تېبىئىي بۇلاق سۈيى زاۋۇتىدا زىيارەتتە بولدى.

دىلبەر مۇھەممەت رېھىم فوتوسى

## 农村科技

(月刊)

## يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016